باش مۇھەررىر :
ياسىن زىلال
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
يۇسۇپ ئىسھاق

مىراس
قوش ئايلىق ژۇرنال
2001 ـ يىل 5 ـ سان
( ئومۇمىي 67 ـ سان )

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

مۇقەددەس سان « يەتتە» ...................................... ئىلتىكىن ( 5 )
ئىمام جەئفىر سادىق مازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ............... مەتقاسىم مەتنىياز(13)
ئۇزۇلمەس ئېقىن.............................................. پاتىگۇل ئەخمەت (51)

## ئايدىڭ كېچىلەر

خوتەن خەلق قوشاقلىرى........................ ... ............ توپلىغۇچى : روزى سايىت (54)
يار ئۇتى يامان........................................ توپلىغۇچى : ئەنۋەرجان سېتىۋالدى ( 69 )
نىگارىمنىڭ ياغلىقى... ... توپلىغۇچىلار : پاتىگۇل ئىزىز ،ئايشەمگۇل ئىزىز(30)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

رىۋايەتلەر ......... .......... ... ......... ... ...... تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن كەلپىن (42)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

قىلىچ ۋە ساھىبجامال................................ توپلىغۇچى : تاجىگۇل (1 )
تىككۈچى يىگىت ........ .................... توپلىغۇچى : ئابابەكرى ( 28 )
مەلىكە ۋە ئات.................................... توپلىغۇچى : بۇخەلچەم روزى (32 )
ئۈچ قېرىنداشلار................................ توپلىغۇچى : تاجىگۇل (40 )
گۇمۇش بالا .......................................توپلىغۇچى : مەمتىرايىم سادىق (68 )

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىدىن تەرمىلەر ......................ئابدىقادىر سادىر (36)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى ئۇلۇغلىشى......... ..................... غەيرەتجان ئوسمان (46)

## يا ئىشەن ، يا ئىشەنمە

تەبىرنامە ..............................تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت (64)

## ئىللەت تۈزەلمىگۈچە ، مىللەت تۈزەلمەس

قىرمىش ئاتام : ئىنساپ قىلىڭلار...................... ئۆمەرجان ھەسەن (57 )

## كۆلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار.............. ............. ..... مۇختار تۇردى (ت) (26 )

## ئەقىل دۇردانىلىرى

ھېكمەتلەر............ ............. ..... ............تەييارلىغۇچى : مۇختارجان ياقۇپ(26)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەت ..........................................غوپۇر قادىر (ت ) (50 )

ماناس ............ ... ...تەرجىمە قىلغۇچىلار : نۇرنىسا باقى ، توقتوبۇبۇ ئىساق (71)

## جاۋابكار مۇھەررىر : مۇختار مۇھەممەد

ئابدۇكېرىم راخمان( پروفېسسور) ، ئابلىمىت سادىق(ئالىي مۇھەررىر) ،
( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) ئەھەت ھاشىم( ئالىي مۇھەررىر) ، ئەسەت سۇلايمان( دوكتۇر) ،
تەھرىرى ھەيئەت ئەزالىرى : ئىبراھىم مۇتىئىي( تەتقىقاتچى) ، ئىمىن تۇرسۇن( ئالىي مۇھەررىر) ،
ياسىن زىلال( كانددات ئالىي مۇھەررىر)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال



# قىلىچ ۋە ساھىبجامال

## (چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم بىر يېزىدا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ خوتۇنى ۋە ئوغلى بىلەن تۇرىدىكەن. ئۇ دېھقان بەختكە قارشى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ بىچارە ئايالنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئوغلىنى بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ ھەم ئۇنىڭغا دائىم ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ تۇرۇپتۇ. بالا ئون بەش ياشقا كىرىپ، ناھايىتى ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ.

— ئانا، — دەپ سوراپتۇ ئۇ بىر كۈنى، — ئاتام ماڭا بىر نەرسە قالدۇرمىدىمۇ؟

— بالام، ئاتاڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر نەرسە قالدۇرغان بولسىمۇ، سېنى بېقىپ چوڭ قىلىمەن دەپ ئاللىقاچان سېتىپ خەجلەپ بولدۇم.

ئەمما بالا ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە ھېچنېمە قالدۇرمىغانلىقىغا زادى ئىشەنمەپتۇ.

ئاخىر ئانىسىنىڭ يادىغا بىر نەسە يېتىپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— ئۆگزىدە ئاتاڭنىڭ بىر قىلىچى بولىدىغان، چىقىپ ئىزدەپ باق.

يىگىت ئۆگزىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، راستىنلا ئاتىسىنىڭ مىراس قىلىچى تۇرغۇدەك، ئەمما قىلىچنى دات ـ توپا بېسىپ كېتىپتۇ، يىگىت ئۇنى ئېلىپ، تاكى پاقىرىغۇچە ئىرىتىپ، پاكىزلاپتۇ. ئاندىن ئۇنى بېلىگە قىسىپ تۇرۇپ ئانىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئانا، مەن باشقا يۇرتلارغا بېرىپ، تەلەي سىناپ كۆرەي دەيمەن.

— بالام، — دەپتۇ ئانىسى، — سەن ئاۋۋال ئاتاڭنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ، مېنىڭ كاللامنى ئېلىۋەتكىن، ئاندىن قەيەرنى خالساڭ، شۇ يەرگە بارغىن.

— بالىسى ئانىسىنىڭ بېشىنى ئالىدىغان ئىش قايسى زاماندا بوپتىكەن؟ — دەپتۇ بالا، — مېنى قاتتىق تۇتما، ئۆزۈڭنىمۇ ئاۋارە قىلما، ماڭا بەخت تىلە، قايتىشىمنى كۈت، مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن.

شۇندىن باشلاپ بۇ بالا ئۆزىنى قىلىچ دەپ ئاتاپتۇ ھەم ئۆز ئىسمىنى قىلىچقا ئويۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇ ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ.

— خەير ـ خوش، ئانا، — دەپتۇ ئۇ يەنە ئانىسىغا، — ئۆزۈڭنى ئايا، ماڭا تارتىنما، مەن يېرىم يىلدىن كېيىنلا قايتىپ كېلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت ئۆيىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر ئورمانزارلىق ئىچىدىكى كەڭ بىر بوشلۇققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپتۇ، قىلىچنى غىلاپتىن چىقىرىپ سۆيۈپ، تىزىغا قويۇپ قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ياش ـ قورامى ئۆزى بىلەن تەڭ بىر يىگىتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ يىگىت يېقىن كېلىپ سالام بېرىپتۇ.

— سالامەت بۇلۇڭ، دوست، — دەپتۇ ئۇ.

— خۇش كېلىپسىز، ئىنىم، — دەپتۇ قىلىچ.

— قەيەردىن كەلدىڭىز، قەيەرگە بارىسىز؟ — سوراپتۇ يىگىت قىلىچتىن.

— مەن تەلەي سىناپ كېتىپ بارىمەن.

— مەنمۇ شۇ، ئەگەر خالىسىڭىز ئىككىمىز ئاغا ـ ئىنى بولايلى ۋە بىللە ماڭايلى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى يىگىت قايتىدىن بىر - بىرىنىڭ ئىسىملىرىنى سورىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قىلىچ، بىرى بوران ئىكەن.

ئىككى دوست يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قاراڭغۇ چۈشكىچە مېڭىپتۇ. ئۇلار ئورمانزارلىقتا كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىرئاز پاراڭلىشىپ، ئاچ قورساق ئۇخلىشىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ يەنە مېڭىپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتىن ياش قۇرامى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ بىر يىگىتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ يىگىت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارغا سالام بېرىپتۇ.

— ئاق يول بولسۇن، بۇرادەر!

— ھەممە ئىشلار خەيرلىك بولسۇن، بۇرادەرلەر، — دەپتۇ ئۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، بىز سېنىڭ بۇرادەرلىرىڭمۇ؟

— بىز ئەسلى بۇرادەر ئەمەس، — دەپتۇ ھېلىقى دېھقان بالىسى، — بۇ يەردە ئۇچراشقاندىن كېيىن مەن ئەمدى سىلەرنىڭ ئىنىڭلار بولۇپ قالىمەن.

— سەن بىزنىڭ ئىنىمىز ئىكەنسەن، ئەمدى بىز سېنىڭ بۇرادەرلىرىڭ بولۇپ قالدۇق، ئېيتقىنا، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟

— ئېقىن.

ئۇلار ئىككىسىمۇ ئۆز ئىسىملىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا قول سىقىشىپ، بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغانلىقىنى، تاكى ئۆلگۈچە ھەر بالا كەلسە تەڭ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

ئۇلار ئۈچىلىسى يول ئېلىپ مېڭىپتۇ، بىر پادىشاھلىققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردىكى پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئىككى قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانىكەن. كوچىلار ئادەم بىلەن لىق تولغان ئىكەن. بۇ ئۈچ قېرىنداش:

— بىزمۇ بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، بۇ ئادەملەر شۇنچە قىستىلىشىپ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

ئۇلار كىشىلەر توپى ئارىسىدىن پادىشاھنىڭ، كىمىكى ناھايىتى كەڭ بىر خەندەكتىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتسە، چوڭ قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى؛ كىمىكى ئۇنىڭدىن سەكرەپ ئۆتەلمىسە، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. پادىشاھ يەنە كىمىكى دېڭىزغا تاشلانغان ياقۇت ئۈزۈكنى ئېلىپ چىقسا، ئۇنىڭغا ئىككىنچى قىزىنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدىمۇ بەرگەنىكەن. بىرمۇنچە باتۇرلار ئۆزلىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپتۇ. بىراق، بەزىلەر خەندەكتىن سەكرەپ ئۆتەلمىگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بەزىلەر دېڭىزغا سەكرەپ چىقالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئۈچ قېرىنداش بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىشىپتۇ:

— قانداق، بىزمۇ غەيرەت قىلىپ، تەلەي سىناپ كۆرمەيلىمۇ؟ بەلكى ئىشىمىز ئوتۇقلۇق بولۇپ چىقار.

شۇنىڭ بىلەن بوران يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، راسا تۈگۈلۈپ بىر سەكرەپلا خەندەكتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەتراپتىكى ئادەملەر بىردىنلا پاھ - پاھ دېيىشىپ، ئۇنى ماختىشىپ كېتىپتۇ. ئېقىنمۇ دېڭىزغا شۇڭغۇپ پادىشاھنىڭ ياقۇت ئۈزۈكىنى تېپىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىككى باتۇرنى مەيە بىلەن پادىشاھ ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئەمما بۇ ئىككى قېرىنداش بۇ مەلىكىلەرنىڭ قايغۇلۇق يۈرگەنلىكىنى، دائىم يوشۇرۇن ھالدا كۆز يېشى قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ.

— ئېيتىڭلار، نېمە ئۈچۈن يىغلايسىلەر، بىزدىن يوشۇرىدىغان نېمە ئىشىڭلار بار؟

مەلىكىلەر دەسلەپ ئېيتماپتۇ، كېيىن ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ: ئەسلىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىڭلىسى ساھىبجامال ئۈچۈن قايغۇرۇشقانىكەن؛ ئۇلارنىڭ ئاتىسى بۇ قىزنى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلغان بىر ياۋۇز ئەجدىھاغا تەقدىم قىلىۋەتكەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ پادىشاھلىقنى ياۋۇز دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قالغانىكەن.

ئىككى قېرىنداش ئۆز خوتۇنلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلارنى ھېچ قالدۇرماي قىلىچقا يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلىچ ساھىبجامالنى ياۋۇز ئەجدىھانىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇشقا بەل باغلاپتۇ.

قىلىچ ئۆزىنىڭ بۇ قېرىنداشلىرى بىلەن بىر نەچچە كۈن بىللە تۇرۇپ سەپەرگە تەييارلىنىپتۇ. ئىككى قېرىنداش ئۇنى توسۇپ.

— بىزنىڭ قېرىنداشلىق مۇھەببىتىمىز شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىمۇ؟ بىزنى تاشلاپ قانداقمۇ كەتكۈڭ كېلىدۇ؟ — دەپتۇ:

— بىزنىڭ، — دەپتۇ قىلىچ، — قېرىنداشلىق مۇھەببىتىمىز مەڭگۈلۈكتۇر، مەن بىر تال مويۇمنى قالدۇرىمەن. سىلەر ئۇنى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىغا قاداپ قويۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭدىن قان چىققانلىقىنى كۆرسەڭلار، قېرىندىشىڭلارنى بىرەر خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراپتۇ دەپ بىلىپ، دەرھال قۇتقۇزۇشقا كىرىشىڭلار.

قىلىچ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ بىر كۈن مېڭىپتۇ، ئىككى كۈن مېڭىپتۇ، ئۈچ كۈن مېڭىپتۇ، تۆتىنچى كۈنى يەتتە يولنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئەنە شۇ يول ئېغىزىدا كىچىككىنە بىر ئۆي بار ئىكەن. ئۇ ئۆيگە كىرسە بىر موماي ئولتۇرغۇدەك، قىلىچ، مومايدىن ئەجدىھالار مەملىكىتىگە قانداق بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. موماي ئۇنىڭغا سوغۇق كۈلۈپ يول كۆرسىتىپ:

ئەي بالام، بولسا نىيىتىڭدىن يان، — دەپتۇ موماي، — ئەگەر ھەقىقەتەن بارىمەن دېسەڭ، مۇشۇ يولغا ماڭ. بىر مۇنچە پادىشاھ نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن ساھىبجامالنىڭ يېنىغا كېتىشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ قايتقىنى يوق.

قىلىچ مومايىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە يول ئۈستىدە ئاجايىپ مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىگە ئوخشاش كىچىك مەخلۇقتىن يەنە ئالتىسى تۇرغۇدەك. بۇ ئاجايىپ مەخلۇق ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئەمما قىلىچ قىلىچى بىلەن مەخلۇقلارنى چېپىپ تاشلاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ئوردىدا ياۋۇز ئەجدىھانىڭ ساھىبجامالنى ساقلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ساھىبجامال دېرىزىدىن قاراپ:

— بىر يات ئادەم بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ! قارىغاندا دېھقان بالىسىغا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ساھىبجامال ئەجدىھاغا.

— ئۇ ھوي، — دەپتۇ ياۋۇز ئەجدىھا ئۇنىڭغا بىر قاراپ، — مەن بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرمەيمەن، مېنىڭچە بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەستەك تۇرىدۇ!

ئوردىنىڭ يېنىدا بىر تۈپ ئالما دەرىخى بولۇپ، قىپقىزىل ئالمىلار شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغۇدەك، قىلىچ دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ، ياۋۇز ئەجدىھا ئۇنىڭغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. قىلىچ بىر سەكرەپلا، شۇنچە ئېگىزدە تۇرغان ئالمىنى چىشى بىلەنلا ئۈزۈۋاپتۇ.

ياۋۇز ئەجدىھا بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۈچلۈك باتۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

— يامان بولدى، — دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ ئۇ، — بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان بولدۇم.

قىلىچ چوڭ دەرۋازىدىن ئوردىغا كىرىپتۇ.

— سالام، — دەپتۇ ئۇ.

— سەن بۇ يەرگە كېلىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ — ۋارقىراپتۇ ياۋۇز ئەجدىھا.

— سەن جۈرئەت قىلغانىكەنسەن، مەن ئەلۋەتتە جۈرئەت قىلمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىلىچ.

غەزەپلەنگەن ياۋۇز ئەجدىھا سەكرەپ كېلىپ، قىلىچنى يەۋەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ ئاتىسىنىڭ قىلىچىنى ئەجدىھاغا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر ئۇرغانىكەن، ئۇ، ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىلىچ ساھىبجامالنى قۇتقۇزۇپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بىر دېھقان بالىسى ياۋۇز ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، ساھىبجامالنى ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ دېگەن خەۋەر ھەممە يەرگە پۇر كېتىپتۇ. پادىشاھلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن لەشكەر باشلاپ، يەتتە يول بىلەن ساھىبجامال بار شەھەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يەتتە يول ئېغىزىدا ئۇچرىشىپ، مومايدىن:

— بۇ يەردىن ساھىبجامالنى ئىزدەپ قانداق ئادەم ئۆتتى؟

— ئۇن ئالتە ياشلاردىكى بىر دېھقان يىگىت ئۆتتى، — دەپتۇ موماي.

پادىشاھلار ئۆزئارا بىر نەچچە قېتىم مەسلىھەتلەشكەن ۋە پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن قىلىچقا ئۇرۇش ئېلان قىلىش قارارىغا كېلىشىپتۇ. ئۇلار قىلىچ بىلەن يىگىرمە تۆت كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يېڭەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلار ئۇنى قورال كۈچى بىلەن يېڭەلمىگەنلىكتىن، سۇيىقەست يولى بىلەن يېڭىش قارارىغا كېلىشىپتۇ. ئۇلار ئارقىغا يېنىپ، يەتتە يول ئېغىزىغا كېلىپ، مومايىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنى ساھىبجامالنىڭ يېنىغا، قىلىچنىڭ كۈچىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئەگەر بىلەلمەي قايتىپ كەلسە كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

موماي ساھىبجامالنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىلىچنىڭ ياۋۇز ئەجدىھانى قانداق يەڭگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— ئۇ، — دەپتۇ ساھىبجامال مومايغا، — ئوردىغا كىرىپ، تۆت ئەتراپقا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن قاتتىق تىكىلىپ قارىدى، ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن قاتتىق بىر ۋارقىرىدى ـ دە، قولىنى شۇنداق بىر ئوينىتىش بىلەن ياۋۇز ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، مېنى قۇتقۇزۇپ چىقتى.

موماي بۇنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ساھىبجامالنى ئۆز ئېرىدىكى مۇنداق غەيرەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپ بىلىپ بەرگىن، — دەپ ئالداپتۇ. ساھىبجامال بۇنىڭغا دەسلەپ رازى ئۇنىماپتۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭمۇ بۇنى بىلگۈسى كەلگەچكە ئېرىدىن سوراپتۇ:

— ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سېنىڭدىكى كۈچ ـ

قوۋۋەت نەدىن كەلگەن؟

قىلىچ ئۆز خوتۇنىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا راستىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— مېنىڭ پۈتۈن غەيرەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىم قىلىچىتا، ئەگەر كىمكى مېنىڭ قىلىچىمنى ئېلىۋالىدىكەن، مەن ياشىيالمايمەن، ھاياتىمدىن ئايرىلىمەن.

موماي، ساھىبجامالدىن بۇ سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، پۇرسەت تېپىپ قىلىچنى ئوغرىلاپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىپتۇ.

قىلىچ يوقالغاندىن كېيىن يىگىت بىردىنلا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. موماي قايتىپ بېرىپ پادىشاھلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىلەرگە زور ياردەم قىلدىم، ھازىر ساھىبجامالنى قوغدايدىغان ئادەم قالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى ساھىبجامالنىڭ ئۆردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بوران بىلەن ئېقىن ئۆز قېرىندىشىنىڭ قالدۇرغان مويىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىپتۇ. بوران ئېقىننى كۆتۈرۈپ، پادىشاھلاردىن بۇرۇن قىلىچنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىككى قېرىنداش ساھىبجامالدىن سوراپتۇ:

— قېرىندىشىمىزنىڭ قىلىچى نەدە؟

ساھىبجامال يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يەنە ئېرىدىن ئۇنىڭ سىرىنى قانداق سوراپ بىلگەنلىكىنى ۋە ئۇنى قانداق يول بىلەن بۇزۇق مومايغا ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ قىلىچنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

ئېقىن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ قىلىچنى تېپىپ چىقىپ، قېرىندىشىغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلىچ دەرھال ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا پادىشاھلارمۇ يېتىپ كېلىپ قىلىچقا ھۇجۇم باشلاپتۇ. ئەمما ئۇلار ئۈچ قېرىنداشقا تەڭ كېلەلمەي بەدەر قېچىپتۇ. قىلىچ ساھىبجامالنى ئېلىپ قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ، يول ئېغىزىدىكى مومايىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قىلىچ ناھايىتى مەرتلىك بىلەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ ئۇ، — سېنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىڭنى يادىمدا ساقلايمەن، سەن مېنىڭ بىلەن جەڭ قىلغان پادىشاھلارغا ئېيتىپ قوي، مەن ساھىبجامال بىلەن ئۆز يۇرتىمىزغا كەتتۇق. ئەگەر ئۇلار مېنى يەنە سېغىنىپ قالىدىغان بولسا، شۇ يەرگە بارسۇن، يەنە كۈچ سىنىشىپ باقايلى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلار ۋە ساھىبجامال سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇلار ئاۋۋال پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشى كېرەك ئىكەن، ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ بۇ باتۇر ۋە كۈچلۈك يىگىتلەرنى قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي، ئۇلار، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالسا نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە شان ـ شۆھرەت بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ، ئۆز قىزىنى ياۋۇز ئەجدىھاغا بېرىشكە رازى بولغان بۇ پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرغۇسى كەلمەپتۇ.

بىراق، پادىشاھ بارلىق يول ۋە ئېغىزلارنى توسۇپتۇ.

بۇ چاغدا بوران پادىشاھقا:

— سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز، سۆيۈملۈك ئاتا، ئەگەر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كېلىشمىگەن ئىشلارنى قىلىپ قويغان بولساق كەچۈرۈڭ! — دەپتۇ ـ دە، قېرىنداشلىرى بىلەن مەلىكىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، بۇ قېرىنداشلار ناھايىتى تېزلا قىلىچنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا قىلىچنىڭ ئانىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ياخشى تۇرۇپسىز ئانا!

— سىلەر كىم؟ ھەممىڭلار مېنى ئانا دەيسىلەرغۇ؟

— ئوغلىڭىز مۇشۇنداق دەڭلار، دېگەن، — دەپتۇ ئۇلار، — ئۇمۇ بىردەمدىلا يېتىپ كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن، ئاناڭ سېنى تونۇيالمايدۇ، دەپ باغلاشقان.

— ئوغلۇم كەلسە، ئەللىك ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۇنى تونۇيالايمەن، — دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپتۇ.

— بىز ئۈچىمىزنىڭ، — دەپتۇ بوران، — قايسىسى سىزنىڭ ئوغلىڭىز؟

بىچارە ئانا ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىر ئۆز ئوغلىنى تونۇپ ھۆڭ تارتىپ يىغلاپ، خۇشاللىقىدىن تىنالماي قاپتۇ. كېيىن ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى، مەلىكىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن قىزغىن قۇچاقلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قىلىچ، بوران ۋە ئېقىنلار بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. تاكى دۇنيادىن كۆز يۇمغۇچە زادى تالاش ـ تارتىش قىلماي خۇددى بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلاردەك ئۆتۈپتۇ.

توپلىغۇچى: **تاجىگۇل**

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# مۇقەددەس سان «يەتتە»

ئىلتىكىن

مۇقەددەس سان ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتلەردىكى مۇقەددەس سانلار مەلۇم تەرەپلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، بەزى سانلار («تۆت»، «يەتتە»، «توققۇز» ۋە «قىرىق») دۇنيادىكى ھەممە مىللەت مۇقەددەس ھېسابلايدىغان سانلاردۇر. بۇ سانلار ئىچىدىكى «يەتتە» دۇنيادىكى ھەممە مىللەت دېگۈدەك مۇقەددەس ھېسابلايدىغان سان بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر ئومۇملاشقان. سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ مەيدانغا چىقىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان ئالىملار (بولۇپمۇ ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى) ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بىردەكلىك ۋە پەرقىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە، مۇقەددەس سانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى. «ئالەمنىڭ بىنا بولۇش ئەپسانىلىرى» دا ئىپادىلەنگەن مۇقەددەس سانلارنى تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرما تەتقىقاتىدىكى تەسىر تەتقىقاتىنى مۇقەددەس سانلار بىر مەنبەدىن تارقالغان، دېگەن تونۇشقا كەلتۈردى. ناۋادا شۇنداق دەپ قارالسا، مۇقەددەس سان «يەتتە» قايسى مەنبەدىن كەلگەن؟

مۇقەددەس سان «يەتتە» ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ـ ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، خەلق ئەدەبىياتى، كۈندىلىك تۇرمۇشى قاتارلىقلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، دىنىي ئېتىقادىمىزدا ئىماننىڭ مۇپەسسەل بولۇشى ئۈچۈن يەتتە شەرتنى ئورۇنداش، «قۇرئان كەرىم» دە ئاسماننى يەتتە قەۋەت، دوزاخنى يەتتە دەپ قاراش، ناماز ئوقۇغاندا يەتتە ئەزانى يەرگە تەگكۈزۈپ سەجدە قىلىش، قۇربان ھېيت نامىزىدا مەسچىتكە بارغۇچە يەتتە يەردە تەكبىر ئېيتىش، ھەج داۋامىدا كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىش، يەتتە كۈندىن كېيىن مېيىتنىڭ نەزىرىسىنى قىلىش، جۈمە نامىزىنى يالغۇز ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە، ئىككى يانغا ئۈچتىن جەمئىي ئالتە تال پاكىز نەرسىنى تىزىپ ساننى يەتتىگە تولدۇرۇپ ئاندىن ئوقۇش، دۇئا ئوقۇش ئۈچۈن يەتتە مازارنىڭ توپىسىنى، يەتتە خىل مېۋىلىك دەرەخ، يەتتە خىل مېۋىسىز دەرەخنىڭ شېخىنى، يەتتە قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى، يەتتە كۆلنىڭ سۈيىنى تەييار قىلىش ① ... قاتارلىقلار مۇقەددس سان «يەتتە» نىڭ ئىسلامدا ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە ئىسرىق سالغاندا يەتتە ئۆيدىن يەتتە نەرسە تىلەش، ئىسرىق سېلىپ بولغاندىن كېيىن، بوسۇغىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن يەتتە چىمدىمدىن توپا ئېلىپ ئىسرىققا سېلىش، ئوت كۆچۈرۈشتە يەتتە ئۆيدىن بىر بۇردىدىن نان ياكى بىر سىقىمدىن ئۇن تىلەش، يەتتە ھويلا جايلاشقان كوچا ئارىلىقلىرىدىن تەمەچ تېرىپ كېلىپ ئاغرىقنىڭ باش ـ ئاخىرىدىن يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇش، چاپاننىڭ بىر يېڭىنى ساپماي، ئىشتاننىڭ بىر چاپىقىنى كەيمەي يەتتە قەدەم ماڭسا يامان بولىدۇ، دەپ قاراش، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئىسىم قويۇش (ھازىر بالا تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ) ، باللارنىڭ قىرقى چېچى چۈشۈرۈلگەندە، ھاللىق ئائىلىلەردە بىر قوي سويۇپ، ئۇنى يەتتە پارچە قىلىپ، يەتتە كەمبەغەلگە تارقىتىپ بېرىش، مېيىتنى يەرلىكىگە قويغاندا، ئۆي ئىگىسى ئالدى بىلەن يەتتە كەتمەن توپا تاشلاش، مېيىتنى دەپنە قىلىپ، يەتتە كۈن ئىچىدە قەبرە قاتۇرۇپ بولۇش، مېيىت چىقىرىلغان ئۆيدە يەتتە كۈن چىراغ يېقىش، يەتتىنچى كۈنى چىراغنى ئۆچۈرۈش ... ② قاتارلىقلار «يەتتە» مۇقەددەسچىلىكىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە ئىپادىلىنىشىدۇر. «يەتتە» مۇقەددەسچىلىكى بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ماقال ـ تەمسىللەردە «سۇ يەتتە يۇملىسا ھالال» ، «يېتىمنىڭ قارنى يەتتە» ، «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» ، «ئىنسابسىزنى بىر قېتىم ئۇتلا دېسە، يەتتە قېتىم ئۇتلاپتۇ» ، «يەتتە موماي بىر يەرگە كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ دەرمانسىزلىقىنى ئېيتار» ، «بىلىمدان كىلىنىنىڭ يەتتە ـ يەتتىدىن ھەمراھى بار»

، «ماكانىدىن ئايرىلغانغا يەتتە يىل قونالغۇ يوق» ، «يەتتە دەرۋىش بىر گېلەمگە سىغىسمۇ، ئىككى پادىشاھ بىر ئەلگە سىغمايدۇ» ③ ... ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ «يەتتە» مۇقەددەسچىلىكىگە ئائىت بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «يەتتە باشلىق يالماۋۇز» ، «يەتتە پاپا ۋە قار مەلىكە» ، «يەتتە ئاشىق ـ مەشۇق» ، «يەتتە باتۇر» ، «يەتتە مەلىكە» ، «يەتتە ئىقلىم، يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا، يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشقىچە، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز، يەتتە قەۋەت ئاسمان، يەتتە كۈنلۈك يول» ... دېگەندەك.

ئۇيغۇر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىمۇ مۇقەددەس سان «يەتتە» ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «شىراق رىۋايىتى» دە، باتۇر شىراق ئۆز خەلقىنى ئىران باسمىچىلىرىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى كېسىپ، ئىران ئەسكەرلىرىگە يالغاندىن ماسلىشىپ، «تۈركلەر» نى يوقاتماقچى بولىدۇ ۋە ئۇلارنى يەتتە كۈنلۈك سۇ بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ يولغا چىقىپ، چۆللۈككە باشلاپ بېرىپ، يەتتە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، ئىران ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر تەرەپكە يەتتە كۈنلۈك يول، قاياققا بارساڭلار ھالاك بولىسىلەر، مەن ئۆزۈم يالغۇز پۈتۈن ئىران ئەسكەرلىرىنى يەڭدىم.» ④ ... «ئەفدات ۋە توققۇز قىز ئەپسانىسى» دە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «باتۇر چىن خاقانى چۈشىدە رۇم ئېلىنىڭ ۋەزىرى ئۆز خاقانىدىن چىن خاقانىنى يوقىتىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، توققۇز ئوغلىنى چاقىرىپ، ئەڭ ئالدىدا 7000 ئاق ئات، ئاندىن 7000 چىلانتورۇق ئات، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 7000 قوڭغۇر ئاتلىق، ئەڭ ئاخىرىدا 7000 قارا ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھۇجۇم باشلاپتۇ.» ⑤ بۇ ئەپسانىدا تىلغا ئېلىنغان «7000» ئەمەلىيەتتە «يەتتە» نىڭ كۆپلۈك شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىشى بولۇپ، قوشۇننىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلاردا، «يەتتە» گە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن جايلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «يەتتە سۇ» (قازاقىستاندا) ، «يەتتە قۇدۇق» (قۇمۇلدا) ، «يەتتە توغراق» (مەكىتتە) دېگەندەك. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۈچتۇرپاندىكى «يەتتە قىزلىرىم» دېگەن نام بىلەن ياقۇپبەگ قۇرغان «يەتتە شەھەر خانلىقى» دىكى «يەتتە» نىمۇ مۇقەددەس سان «يەتتە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراۋاتىدۇ. ⑥ ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ئالدىدا، «يەتتە» سانىنىڭ بولغانلىقىغا قاراپلا ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلار «يەتتە» نى مۇقەددەس سان دەپ قارىغاچقا، مۇشۇنداق دەپ ئاتالغان دېيىشكە بولمايدۇ. سەۋەبى، «يەتتە قىزلىرىم» دېگەن بۇ نام «ئۈچتۇرپان يىغلىقى» دىكى ئەسمىتۇللا بەگنىڭ قەھرىمان يەتتە سىڭلىسىنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان، «يەتتە شەھەر خانلىقى» بولسا، ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغاندا، ئۆزى ئىگىلىۋالغان يەتتە شەھەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان خانلىق. بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولۇپ، مۇقەددەسچىلىك تۈسىنى ئالغان ئېتىقادلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش «يەتتە» نى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئەھۋاللار بولسىمۇ، ئەمما بەزى تۈركىي مىللەتلەردە باشقىچە ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، قازاقلاردا قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى يەتتە ئەۋلادتىن ئېشىپ كەتكەندە، بىر ئۇرۇق ئىچىدە توي قىلسا بولىدۇ، دەيدىغان قاراش بار (ئۇيغۇرلاردا ئۈچ ئەۋلاد، دەپ قارىلىدۇ) . تاتارلار بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بۆشۈك تويىنى ئۆتكۈزىدۇ (ئادەتتە، ئۇيغۇرلاردا بۇ ۋاقىت ئېنىق ئەمەس) . بۇنىڭدىن باشقا، باشقا مىللەتلەردىمۇ «يەتتە» نى ئۇلۇغلاش ئادىتى مەۋجۇت. مەسىلەن، ھىندىلاردا تۇغماس ئاياللارغا پانۇس بايرىمى كېچىسى يەتتە قۇدۇقتىن سۇ ئەكىلىپ ئىچۈرسە تۇغىدۇ، دەيدىغان ئادەت بار. خەنزۇلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىمۇ «يەتتە» نامى بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن ئەسەرلەر بار. مەسىلەن، «يەتتە سۇئال» ، «يەتتە تەپسىر» ، «يەتتە شەرھىي» ، «يەتتە ۋەھىي» ، «يەتتە ئەھدى» ، «يەتتە مۇھاكىمە» ... دېگەندەك.

ئۇيغۇرلاردىكى «يەتتە» نى مۇقەددەس بىلىشنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ھازىرغىچە مۇنداق ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت:

بىرىنچىسى، «زاروئاستىر دىنى» دىن مەيدانغا كەلگەن، دېگەن قاراش: «يەتتە» نى مۇقەددەس بىلىش ئالدى بىلەن «زاروئاستىر دىنى» مەدەنىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە مانى دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا كىرگەن.

پارىسلاردىكى «يەتتە» مۇقەددەسچىلىكى چۈشەنچىسى ئىران ئەپسانە سىستېمىسىدىكى «يەتتە خۇدا» (قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مىترا، شاد ـ خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى — ناخت، بەخت ـ تەلەي ۋە دۆلەت خۇداسى — هوما، سودا خۇداسى — ئاناختشا ۋە خۇيى، ئۇرۇش ۋە غەلىبە خۇداسى — مىررىخ، ياخشىلىق خۇداسى — كيۇ مارس، باتۇرلۇق خۇداسى — يىما) غا بولغان ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا «يەتتە» ئەنە شۇ «يەتتە» خۇدانىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ ⑦.

ئىككىنچىسى، ئۇيغۇرلاردىكى «يەتتە» مۇقەددەسچىلىك قارىشى ھىندىلاردىن كىرگەن، دېگەن قاراش: «ھىندى مەدەنىيىتىدىمۇ (يەتتە) سانى خېلى بالدۇرلا مۇقەددەس سان كاتېگورىيىسىگە كىرگەن. ھىندى مەدەنىيىتىدىكى بۇ چۈشەنچە ئۇلارنىڭ يەتتە قۇتۇپ يۇلتۇزنى ئۇلۇغلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىلادى I ئەسىردە غەربىي يۇرتقا كىرگەن بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى بۇ خىل مەدەنىيەتنىمۇ بىللە ئېلىپ كىرگەن.» ⑧

ئۈچىنچىسى، «يەتتە» نى مۇقەددەس بىلىش شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېگەن قاراش: «شامان دىنى دەۋرىدە خاسىيەتلىك تۈس ئېلىپ بولغان (يەتتە) مانى دىنى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى بۇددا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ‹يەتتە› گە بولغان مايىللىقى، ئېتىقادنى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆتۈردى.» ⑨ بۇ قاراشتىكىلەر ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئالتاي شامانىسلىرىنىڭ ئېپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدا مەيدانغا كەلگەن «ئۇلۇكۈن تەڭرىسى رىۋايىتى» نى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج توغرىسىدا» دېگەن مەخسۇس سەھىپىنى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى شامان دىنى ساقىندىلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان بۇ ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پاكىتلارنى مىسال كەلتۈرىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك قاراش ئىچىدە ئۈچىنچى خىل قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، چۈنكى شامان دىنىدا كۆك تەڭرى، بولۇپمۇ قۇياش ناھايىتى ئۇلۇغلىناتتى. «يەتتە» نى مۇقەددەس بىلىشمۇ قۇياشنىڭ نۇرنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئېتىقادنىڭ شامان دىنىدا بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. يەنى «يەتتە» نى مۇقەددەس بىلىش شامان دىنى مەدەنىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن.

مۇقەددەس سان «يەتتە» ھەققىدىكى مەلۇماتلار «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» دىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «تەۋرات» تا مۇنداق بايانلار بار: پەرۋەردىگار توپان بالاسى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى جازالاشتىن بۇرۇن نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالماقچى بولغان ھايۋانلارنىڭ سانىنى ئالاھىدە تاپىلاپ مۇنداق دەيدۇ: پاكىز ھايۋاندىن يەتتە ئەركەك، يەتتە چىشى ئال، پاكىز بولمىغانلىرىدىن بىر ئەركەك، بىر چىشىنى ئال. ئۇچار قۇشلاردىنمۇ يەتتە جۈپتىن ئېلىۋال. ئاندىن پۈتۈن زېمىنغا ئۇرۇق چاچ. سەۋەبى، مەن يەتتە كۈندىن كېيىن زېمىنغا قاتتىق يامغۇر ياغدۇرىمەن.» ⑩ توپان بالاسىنىڭ جەريانى توغرىسىدىمۇ «تەۋرات» تا يەنە مۇنداق مەلۇماتلار بار: «7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېمە يالاش تېغىدا توختىدى ... 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنىڭ رۇجىكىنى ئېچىپ، بىر قاغىنى چىقىرىۋەتتى ... يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كەپتەرنى قويۇپ بەردى. كەپتەر قايتىپ كەلدى ... نۇھ ئەلەيھىسسالام يەنە يەتتە كۈن كۈتتى، كەپتەرنى قويۇپ بەردى. كەپتەر قايتىپ كەلمىدى.» ⑪ «ئىنجىل. ئالەمنىڭ بىنا بولۇش قىسسىسى» دىمۇ مۇشۇنداق ۋەقەلىك بار: «يەتتىنچى كۈنگە كەلگەندە، پەرۋەردىگار مەۋجۇداتنى يارىتىش ئىشىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىپ، ئارام ئېلىشقا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار يەتتىنچى كۈننى مۇقەددەس كۈن دەپ جاكارلاپ، ھەممە مەخلۇقلارنىڭ ئارام ئېلىشىنى بۇيرۇدى.» ⑫ (ھازىرقى يەكشەنبە كۈنى، يەنى ھەپتىنىڭ يەتتىنچى كۈنى ئارام ئېلىشمۇ مانا مۇشۇ رىۋايەتتىن كەلگەن). ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئارخېئولوگىيە ئالىمى جامىس. پورىچارد بۇ ئىككى ھېكايىنى سېلىشتۇرۇپ ، بىر ئوخشاشلىقنى بايقىدى. يەنى «ئىنجىل. ئالەمنىڭ بىنا بولۇش قىسسىسى» بىلەن «تەۋرات. ئالەمنىڭ بىنا بولۇش قىسسىسى» دىكى ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىش جەريانى پۈتۈنلەي ئوخشاش: پەرۋەردىگار ئاۋۋال ئاسماننى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى يارىتىپ، ئاندىن سۇ بىلەن قۇرۇقلۇقنى ياراتقان. ئالتىنچى كۈنى ئادەمنى يارىتىپ، يەتتىنچى كۈننى ئارام ئېلىش كۈنى دەپ بېكىتكەن (بۇ «قۇرئان كەرىم» دىمۇ ئوخشاش). «ئىنجىل» دىكى

«نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە توپان بالاسى» نىڭ پروتوتىپى ھېسابلانغان بابىللىقلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرىدىكى «گىلگامىش» ئېپوسىدا ياراتقۇچىنىڭ بىر قېتىملىق توپان بالاسىنى پەيدا قىلىپ ئىنسانىيەتنى جازالىغانلىقى يېزىلغان. ئۇنىڭدا كەلكۈن مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «بوران ۋە كەلكۈن توپتوغرا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز چىقتى. قارا بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ھەرقانداق نەرسە قاقاسلىققا ئايلاندى. يەتتىنچى كۈنگە كەلگەندە، كەلكۈن ۋە قارا بوران ئاخىر توختىدى.» ⑬ «گىلگامىش» نىڭ ئاخىرقى ۋەقەلىكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دىكى ۋەقەلىك بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولسا، مۇقەددەس سان «يەتتە» بابىللىقلارنىڭ ئىجادىيىتىمۇ؟

بابىللىقلارنىڭ «گىلگامىش» ئەپسانىسىنىڭ پروتوتىپىنى مىلادىيەدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغان سومېر ئەپسانىلىرىدىنمۇ تاپالايمىز. سومېر ئەپسانىلىرى ئىنسانىيەتكە مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى مىخ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن ئەپسانىلەر بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان سومېر ئەپسانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق بايقالغان. سومېر ئەپسانىلىرىنىڭ بىرى بولغان «گىلگامىش، ئىنجىدۇ ۋە ئۇ دۇنيا» ئەپسانىسىدە گىلگامىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر بايان بار: «گىلگامىشنىڭ جەڭ پالتىسى يەتتە مىناس قاتلىنالايدۇ، ئۇنىڭ يەتتە خىل ئىشلىتىلىشى بار.» ⑭ بىز بۇ يەردىكى «يەتتە» نىڭ ناھايىتى زور دېگەن مۇبالىغە مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. يۇقىرىقى ئەپسانىنىڭ داۋامىدا گىلگامىش بىلەن ئىنجىدۇنىڭ روھى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇنداق بىر دىئالوگ بار:

گىلگامىش: «ئۇ يەردە بىر باللىق ئادەم بار ئىدى، كۆردۈڭمۇ؟»

ئىنجىدۇنىڭ روھى: «كۆردۈم.»

گىلگامىش «ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» مۇشۇنداق سوئال ـ جاۋاب داۋاملىشىپ، يەتتىنچى قېتىمغا بارغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆزلەر بولۇپ ئۆتىدۇ:

گىلگامىش «ئۇ يەردە يەتتە باللىق ئادەم بار ئىدى، كۆردۈڭمۇ؟»

ئىنجىدۇنىڭ روھى: «كۆردۈم.»

گىلگامىش: «ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟»

ئىنجىدۇنىڭ روھى: «ئىلاھقا ئوخشايدۇ.» ⑮

سومېر ئەپسانىلىرىدىكى گىلگامىش بىلەن ئىنجىدۇنىڭ روھى ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابتىن مۇنداق بىر نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ: «ئىنجىدۇنىڭ روھى كۆرگەن يەتتە باللىق ئادەم ئىلاھقا ئوخشايدۇ.» بۇ مەلۇماتلاردىنمۇ يەتتە مۇقەددەسچىلىك ئادىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ھازىرچە مۇقەددەس سان «يەتتە» نىڭ مەنبىئىنى سومېر ئەپسانىلىرىنىڭ ئالدىغا سۈرۈشكە بولىدىغان پاكىتلار تېپىلمىدى. بۇنىڭغا قاراپ ئالىملار مۇقەددەس سان «يەتتە» ئەڭ بۇرۇن مېسوپوتامىيە (سومېرلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئانا ۋەتىنى) دە مەيدانغا كەلگەن، ئۇنى سومېرلار ئىجاد قىلغان، سومېرلاردىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشتى. بۇ يەكۈن ھازىر تەتقىقات ساھەسىدە ئومۇملىشىپ بولدى. ئۇنداق بولسا، مۇقەددەس سان «يەتتە» نى بارلىققا كەلتۈرگەن سومېرلار كىم؟ ئۇلار شۇ مەزگىللەردە قايسى خىل ئۇسۇلغا تايىنىپ، مۇشۇنداق بىر مۇقەددەس ساننى ياراتقان؟

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم دۆلەت ئاپپاراتىنى ۋە مىخ يېزىقنى ياراتقان سومېرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ئېنگلىز ئالىمى سىرراۋلىنسون مۇنداق دەيدۇ: «سومېرلار سكىفلەردۇر، ئۇلارنىڭ تىلى موڭغۇل ـ مانجۇ تىللىرى بىلەن يېقىنچىلىقى بولغان تۇران تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپتۇر.» ⑯ ۋ. كوپېرسىمۇ، سومېرلار ئالتاي ۋە تۈركىي مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ⑰ دەپ قارايدۇ. تارىخ ئالىمى ھومىل ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن بىرسىدە سومېرلىقلارنى پۈتۈنلەي تۈرك قوۋمى ھېسابلاپ، «تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىدىن بىر بۆلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئانا يۇرتلىرىدىن غەربىي ئاسىياغا كەلگەن ۋە سومېرلارنى تەشكىل قىلغان. سومېرلاردا ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر تۈرك تىلىنىڭ ئاشۇ زاماندا قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.» دەيدۇ. ⑱ بۇلاردىن باشقا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئالىملىرىدىن فوتپىللى، مورگان قاتارلىقلارمۇ سومېرلار تۈركلەردۇر، دەپ قارايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،

ئۇيغۇرلارغا ئېتىنىڭ ئاساس بولغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر بۆلىكى شۇ چاغلاردا (مىلادىيىدىن 5000 يىل بۇرۇن) ھازىرقى ئالتايدىن چىقىپ، غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ۋە سومىر، ھورى ۋە ئەلام قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك تەركىبكە ئايلانغان. بىز مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ، «يەتتە» نى مۇقەددەس ھېسابلاشنىڭ ئەڭ بۇرۇن تۈركىي مىللەتلەردە مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شامان دىنى بۇرۇن ئورال ـ ئالتاي تۈرك قەۋملىرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدا كۆكتىكى يەتتە يۇلتۇز ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يەتتە ئىلاھ نامى بىلەن ئاتىلىپ، بۇ يەتتە ئىلاھ كۆك تەڭرىسىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان. شامان دىنىدىكى ئەڭ بۈيۈك تەڭرى — كۆك تەڭرىسى قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ئۈلگىن» ياكى «ئۇلۇگۈن» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ مەنىسى «بۈيۈك، ئۇلۇغ، مۇقەددەس» دېگەنلىك بولاتتى. ئا. ئانوخىن تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن رىۋايەتكە قارىغاندا، «ئۇلۇگۈن» باش تەڭرى سۈپىتىدە كۆكتە تۇرارمىش، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە توساق بارمىش. بۇ توساقلار ئەركەك شامانلار كەلسە ئېچىلارمىش، ئۇلۇگۈننىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بارمىش. ئوغۇللىرىنىڭ نامى قارشىت، بۇغراخان، پىشىلخان، بۇرچاخان، قارا قۇش (قاراتال)، بەختىخان، ئەركانىم بولۇپ، ئۇلارمۇ كۆكتە تۇرارمىش...» ⑲ «ئۇلۇگۈن رىۋايىتى» دىكى «ئۇلۇگۈن» سۆزى قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ulugun» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان سۆز بولۇپ، «مۇقەددەس ۋە بۈيۈك قۇياش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە بۇ سۆز «uluggun» بولۇپ، تۈرك تىلىنىڭ سىنگارمونىزم (ئاھاڭداشلىق) قانۇنىيىتى بويىچە، «g» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «ulugun» گە ئايلانغان، «ئۇلۇگۈننىڭ يەتتە ئوغلى» قۇياش ئەتراپىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغان يەتتە يۇلتۇزنى كۆرسىتىدۇ. يەتتە توسۇق يەتتە يۇلتۇزنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوربىتىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، شامان دىنىدىكى ئەڭ بۈيۈك، مۇقەددەس ئىلاھ «ئۇلۇگۈن» قۇياش تەڭرىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بايانلار مۇقەددەس سان «يەتتە» نىڭ قۇياش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— ئىنسانىيەت جەمئىيىتى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، ئىپتىدائىي دىنىنىڭ مەركىزى تۇتىمغا چوقۇنۇشتىن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇشقا قاراپ راۋاجلاندى. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى (دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولغان) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، بوران، يامغۇر، چاقماق قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە تەدرىجىي مۇقەددەس ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇياشنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا بولغان تەسىرى ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ، «زاماننىڭ ياراتقۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى» ⑳ ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىندىۋىت پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتىدا زامان ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى ماكان ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدىن كېيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىل تەرەققىياتىدا ھازىرقى دەۋر ئىنسانلىرىدىن خېلى كۆپ تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار قۇياشنىڭ ئالەمدىكى ھەرىكىتىدىن قۇياشنىڭ ئالەمدىكى ئورنىنى بۇرۇنراق چۈشىنىشكە باشلىغان. ئۇلار قۇياشنىڭ ئالەمدىكى ھەرىكىتىدىن ئالەمدىكى ئورنىغا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار قۇياشنىڭ ئالەمدىكى ئورنىنى شۇنىڭغا تەڭداش ھەرخىل بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇلارغا نىسبەتەن قۇياشنىڭ پەيدا بولۇش (شەرقتىن كۆتۈرۈلۈش) ۋە يوقىلىش (غەربكە پېتىش) بارلىق ئىشلىرىغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆلچىمى ئىدى. ئۆزلىرىگە نىسبەتەن خۇشاللىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان نەرسىلەرنى شەرق تەرەپكە تەڭداش دەپ قارىغان، بۇنىڭ ئەكسىچە قايغۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان نەرسىلەرنى غەربكە تەڭداش دەپ قارىغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئىككى تەرەپ ئۇقۇمى شەكىللىنىپ بولغان. تەرەپ ئۇقۇمى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىككى قېتىملىق چوڭ سەكرەشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرىنچىسى، ئىككى تەرەپ ئۇقۇمىدىن تۆت تەرەپ ئۇقۇمىغا سەكرەش؛ ئىككىنچىسى، تەكشىلىكتىكى تۆت تەرەپ ئۇقۇمىدىن ستېرېئولۇق يەتتە تەرەپ ئۇقۇمىغا سەكرەش. قۇياشنىڭ ئالەمدىكى ھەرىكىتى بويىچە قارىغاندا، قۇياش داۋاملىق شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتىدۇ، شەرق ۋە غەرب كىشىلەرگە نىسبەتەن (قۇياشنى بەلگە قىلغاندا) تۇغۇلۇش

ۋە ئۆلۈش، پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە شەرق تەرەپنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كىرگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ماكان ـ تەرەپ ئۇقۇمىدا بىر قېتىملىق زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. يەنى كىشىلەر قۇياشنىڭ بىر كۈندىكى پائالىيىتى ئاساسىدا جەنۇب بىلەن شىمالنىمۇ ھېس قىلىشقان. بۇ خىل چۈشەنچە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلدىكى ھەممە مەدەنىيەتلەردە تولۇق ئىپادە قىلىندى، ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ سېلىنىشى، جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىشى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە شەرق ـ غەرب، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە بولىدۇ، قىيا تاشلارغا 卐، +، ⊗، × قاتارلىق بەلگىلەر ئويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە «تۆت» سانى مۇقەددەس ھېسابلاندى. بۇمۇ مۇقەددەس سان «تۆت» بىلەن «قىرىق» نىڭمۇ قۇياشقا بولغان ئېتىقاد ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار قۇياشنىڭ بىر كۈندىكى پائالىيىتى ئارقىلىق تۆت تەرەپ ئۇقۇمىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، قۇياشنىڭ بۇنداق ھالەتلىرى بىلەن ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، دەپ قارىدى. بۇنى بىر تەرەپتىن، ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنتىقىسى، دەپ قارىساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى تەپەككۇردىكى بىر قېتىملىق غايەت زور تەرەققىيات، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، شامان دىنىدا تۆت تەرەپ تۆت خىل رەڭ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. يەنى شەرق — كۆك، جەنۇب — قىزىل، غەرب — ئاق، شىمال — قارا ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ چۈشەنچە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا، دي، ساك، ھون، تۈرك قاتارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قەدىمكى زامان مىللەتلەرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ھونلاردا مۇشۇنداق ئادەت بولغان «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلى باتۇر تەڭرىقۇت غەربىي خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى بەيدېڭ تېغىدا قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. خەن قوشۇنلىرىنى قورشاپ تۇرغان ھون چەۋەندازلىرىنىڭ غەرب تەرەپتىكىلىرى پۈتۈنلەي ئاق ئاتلىقلار، شەرق تەرەپتىكىلىرى كۆك ئاتلىقلار، شىمال تەرەپتىكىلىرى قارا ئاتلىقلار، جەنۇب تەرەپتىكىلىرى تورۇق ئاتلىقلار ئىدى ㉑». شامان دىنىدا يەنە تۆت تەرەپ بىلەن تۆت پەسىل تەڭداش دەپ قارىلاتتى. يەنى شەرق — باھار، جەنۇب — ياز، غەرب — كۈز، شىمال — قىش بىلەن ئىپادە قىلىناتتى. بۇ قۇياشنىڭ يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىشىنىڭ بىر يىلدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۈركىي مىللەتلەردە ئىپتىدائىي تادۇ ئۇقۇمى بىلەن تۆت تەرەپ ئۇقۇمى تەڭداش ئىدى. يەنى، شەرق — ھاۋا، جەنۇب ـ ئوت، غەرب — تۇپراق، شىمال — سۇنى ئىپادىلەيتتى. ئۇيغۇرلاردا تۆت تەرەپنى ئىنسان ھاياتىدىكى تۆت مەزگىل بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدىغان قاراشمۇ مەۋجۇت، خەنزۇلاردىمۇ توخۇ، ئىت، قوي، چوشقىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆت تەرەپكە تەڭداش قىلىپ ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بەزى مىللەتلەردە تۆت تەرەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئابستراكت نەرسىلەرگە تەڭلەشتۈرۈلۈپمۇ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى زونى ئىندىئانلىرى پېرىخون بىلەن دىنىنى شەرققە، دوختۇر بىلەن دېھقاننى جەنۇبقا، ئوۋچىنى غەربكە، ئەسكەر بىلەن جەڭنى شىمالغا تەئەللۇق دەپ قارايدۇ ㉒. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلار مۇقەددەس ھېسابلىغان «تۆت» سانىنىڭ قۇياشنىڭ ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بىز مۇقەددەس سان «تۆت» نىڭ مەنبەئىنى (قىرىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قۇياشنىڭ ئىككى ئۆلچەملىك ماكاندىكى ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئۆتتۇق. يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ تەدرىجىي ھالدا كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قۇياشنىڭ ئورنىغا بولغان تونۇشىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىككى ئۆلچەملىك ماكاندىن ئۈچ ئۆلچەملىك ماكانغا، يەنى تەكشىلىكتىكى ماكاندىن ستېرېئولۇق ماكانغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئەپسانىۋى تەپەككۇردىكى ئۈچ ئۆلچەملىك ماكاندا دۇنيا توغرىسىغا، مەركەزدىن تۆت تەرەپكە، ئۇزۇنىسىغا، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ، ھەممە تەرەپنىڭ ئومۇمىي سانى جەمئىي يەتتە بولىدۇ. «ئىنجىل. ئالەمنىڭ يارىلىش قىسسىسى» دىكى بەشىنچى كۈنى ئاسماننى، ئالتىنچى

كۆنى زېمىننى يارىتىش، خەنزۇلارنىڭ ئالەمنىڭ يارىلىش ئەپسانىلىرىدىكى بەشىنچى كۈنى ئاتنى، ئالتىنچى كۈنى كالىنى يارىتىشقا ئوخشايدۇ. تەتقىقاتچىلار كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى قەدىمكى جەسەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، جەسەتنىڭ ئەتراپىغا ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ يەتتە قۇر ياغاچ قوزۇق قېقىلغانلىقىنى بايقىدى. ㉓ بۇ پاكىت ئۇيغۇرلاردا ھازىرقى ۋاقىتتىن 4000 يىل بۇرۇنلا «يەتتە» نى مۇقەددەس ھېسابلاش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «يەتتە» ئۈچ ئۆلچەملىك ماكاننىڭ چەك سانى بولغاچقا، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئالەمنىڭ يارىلىش ئەپسانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇقەددەس سان «يەتتە» نى قۇرۇلما قىلغان. بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئالەمنىڭ يارىلىش ئەپسانىلىرىدىكى مۇقەددەس سان «يەتتە» نىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق:

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| شەرق | غەرب | جەنۇب | شىمال | ئۈستى | ئاستى | ئوتتۇرا |

ئۈچ ئۆلچەملىك سىتېرېئولۇق ماكاندىكى تەرەپلەرنىڭ سانىنىڭ يىغىندىسىنى «يەتتە» دىن ئاشۇرۇۋېتىش مۇمكىنچىلىكى يوق. شۇڭا، يەتتە «مۇقەددەس سان»، «ئالەم سانى»، «سىرلىق سان» دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، «يەتتە» يەنە پەرھىز تۇتۇش، چەكلەش مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، ياپونلۇقلاردا «يەتتە» نى ۋە «يەتتە» ساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق نەرسىلەرنى بەختسىزلىك دەپ قارايدىغان ئادەت بار. بۇمۇ، «يەتتە» نىڭ مۇقەددەسلىك خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مۇقەددەس سان «يەتتە» بەزىدە «يەتمىش»، «يەتتە يۈز»، «يەتتە مىڭ»، «ئون يەتتە»، «يىگىرمە يەتتە»... قاتارلىق شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، شىمالىي ياۋروپادىكى فىنلاندىيىلىكلەرنىڭ ئالەمنىڭ يارىلىش ھەققىدىكى قوشاقلىرىدا يىلماداڭېرنىڭ دېڭىزدا بورانغا ئۇچراپ ھامىلدار بولغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بىر بايان بار: «ھامىلدار بولۇپ، يەتتە يۈز يىلدىن كېيىن، يەتتە ئوغۇل تۇغۇپتۇ.» ㉔ «تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» قاتارلىق ئابىدىلەردىمۇ مۇقەددەس سان «يەتتە» نىڭ مۇنداق ئۆزگىرىشچان شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۇچرايدۇ: «تۈرك، سىر خەلقى يېرىدە ئادەم قالمىدى، ئورمانلىق، تاغ – داللاردا قالغىنى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولۇپتۇ»، «... ئاتام خاقان 17 ئەر بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ»، «ئۇلار يىغىلىپ 70 بوپتۇ»، «ئاتام خاقان 47 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ...»، «كۆلتېگىن 47 يىل ئۆمۈر كۆردى...»، «بىرىنچى كۈنى تابغاچنىڭ 17 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرىنى يوقاتتىم...» ㉕ بۇ يەرلەردە بايان قىلىنغان سانلار مۇقەددەس سان «يەتتە» نىڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن شەكلىلا، خالاس.

بىلىمىز ئالىملىرىدىن يې شۈشەن ئەپەندى مۇقەددەس سان «يەتتە» قارىشىنى مەلۇم بىر مەنبەدىن تارقالغان دېيىش توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ㉖ ئۇ ئۆز پىكرىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بۇددا دىنىدىن، ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئۇساكى ئىندىئانلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدىن، تەرىقەت دىنىدىن، شىمالى ياۋروپادىكى قەدىمكى فىنلاندىيىلىكلەرنىڭ ئالەمنىڭ يارىلىش رىۋايەتلىرىدىن مۇقەددەس سان «يەتتە» گە ئالاقىدار بولغان مەلۇماتلارنى مىسال كەلتۈرىدۇ. ئەمما شۇ نەرسە مۇھىمكى، مۇقەددەس سان «يەتتە» نى شامان دىنىدىكى ئۈچ ئۆلچەملىك ماكان قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دەپ قارايدىكەنمىز، مۇقەددەس سان «يەتتە» قارىشىنى قەدىمكى ئورال – ئالتاي تۈرك مىللەتلىرىدە پەيدا بولغان دېگەنگە ھەرگىزمۇ كۆز يۇمالمايمىز.

خۇلاسىلىغاندا مۇقەددەس سان «يەتتە» قارىشى قەدىمكى ئورال – ئالتاي مىللەتلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان شامان دىنىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىلاھى قۇياشنىڭ ئورنىغا بولغان چۈشەنچە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5000 – يىللاردا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تۇنجى قېتىم غەربىي ئاسىياغا (مېسسوپوتامىيە) كۆچۈپ بېرىپ، سومېرلارنى شەكىللەندۈرۈشكە ئەگىشىپ، تۈركىي مىللەتلەردىكى بۇ خىل مۇقەددەسچىلىك سومېر ئەپسانىلىرىدا ئىپادىلىنىشكە باشلىغان. كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھەر تۈرلۈك مەدەنىي ئالاقىلەر داۋامىدا سومېر ئەپسانىلىرىدىكى بۇ مۇقەددەسچىلىك باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

ئىزاھلار:

① مۇختارجان ياقۇپ: «ئىسلام دىنى ۋە كائىناتتىكى مۇقەددەس سان يەتتە»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1995 – يىللىق 2 – سان، 78 –، 79 – بەتلەر.

② ئابدۇرېھىم راخمان: «ئۇيغۇرلاردىكى مۇقەددەس سان 〈 يەتتە 〉 چۈشەنچىسى»، شىنجاڭ تەزكىرىسى ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان، مۇناسىۋەتلىك جايلىرىغا قاراڭ.

③ «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دېگەن كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىغا قاراڭ.

④ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

⑤ ④ بىلەن ئوخشاش.

⑥ ② گە كەلتۈرگەن نەقىل، 66 ـ بەت.

⑦ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 560 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.

⑧ ② گە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ، 63 ـ بەت.

⑨ ② بىلەن ئوخشاش، 65 ـ بەت.

⑩ «تەۋرات. ئالەمنىڭ بىنا بولۇش قىسسىسى»، 7 ـ باب، 2 ـ، 4 ـ پاراگراف.

⑪ «تەۋرات. ئالەمنىڭ بىنا بولۇش قىسسىسى»، 8 ـ باب، 4 ـ، 12 ـ پاراگراف.

⑫ داۋىت لىمىڭ، ئىدۋىن بېلدا: «ئەپسانىشۇناسلىق»، شائخەي خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى، 163 ـ بەت.

⑬ «گىلگامىش»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

⑭ يې شۇشەن: «جۇڭگو ئەپسانە پەلسەپىسى» گە كەلتۈرگەن نەقىل، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى، 236 ـ بەت.

⑮ نىزامىدىن توختىسى: «〈 شاھنامە 〉 دە خاتىرىلەنگەن تۇرانلار ئوردىسى 〈 كىنىك دەز 〉 نىڭ ھازىرقى ئورنى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل 2 ـ سان، 70 ـ بەت.

⑯ يۇسۇپجان ياسىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا بىر قانچە قېتىم غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشى» دېگەن ماقالىسىگە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان، 86 ـ بەت.

⑰ ⑯ گە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ، 86 ـ بەت.

⑱ ② گە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ، 64 ـ بەت.

⑲ ⑭ گە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ، 19 ـ بەت.

⑳ «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار تەزكىرىسى»، 110 ـ جىلد، 404 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 9 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉑ ⑭ كە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ، 236 ـ بەت.

㉒ ۋاڭ بىڭ خۋا: «كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى جەسەتلەر ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983 ـ يىل 1 ـ سان (خەنزۇچە)، 118 ـ بەت.

㉓ يالۇسلاۋسكىي: «ئىنجىل قانداق كىتاب» قا كەلتۈرگەن نەقىل، سەن لىيەن نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1962 ـ يىل، 45 ـ، 47 ـ بەتلەر.

㉔ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» نىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىغا قاراڭ.

㉕⑭ گە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ، 260 ـ بەت.

(ئاپتور قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە سايباغ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنىڭ شەكىللىنىشى

مەتقاسىم مەتنىياز

## 1. يېقىن زاماندىكى كونا مازارلار

ئىنسانلار تەرەققىيات ۋە ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىماملار مازارلىرىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا سۆزلەش ئېھتىمال ئوقۇرمەنلەرگە ئەھمىيەتسىز ئىشتەك تۇيۇلار. ۋاھالەنكى دەۋرىمىز خۇراپاتلىق ۋە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى يىراقتا قالدۇرۇپ زامانىۋىلاشقان 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، نەچچە ئەسىر ئىلگىرى يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان ئىماملار مازارلىرى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك چۆلدەرەپ قالمايۋاتىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيا ناھىيىسىدە ئىمام جەئفىرى سادىق، چىرا ناھىيىسىدە ئىمام جەئفىرى تەيران، خوتەن ناھىيىسىدە ئىمام مۇساكازىم، لوپ ناھىيىسىدە ئىمام ئاسىم، كېرىيە ناھىيىسىدە ئىمام غەززالى قاتارلىق ئىماملار مازارلىرى بار. بىر ـ بىرلەپ سانايدىغان بولساق خوتەن «ئەۋلىيالار مازارلىرى» كۆپ يۇرت. ھەر يىلى تاۋاب پەسلى يېتىپ كەلگەن ھامان مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىك تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ئەھلى توپ ـ توپ بولۇشۇپ بۇ مازارلارنى تاۋاپ قىلىشىدۇ. تاۋاپچىلار ئارىسىدا ياشانغان ئەر ـ ئاياللار بولۇپلا قالماي ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلارمۇ بار. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، مازارغا تاۋاپ قىلىش پات ـ يېقىن ئۈزۈلىدىغاندەك ئەمەس. ھازىرقى زامان مەدەنىيەت قاتلىمىدىكىلەر ئۈستى ـ بېشىنى چاڭ باسقان تاۋاپچىلارغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن ئېچىنىدۇ، زېمىنىمىزدا مازىرى تىكلەنگەن ئىماملار تاۋاپچىلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا قانداق شەپقەت ـ شاراپەت يەتكۈزگەن كارامەت ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مازارلىرى يۇرتىمىزدا قانداق شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە سوئال قويۇشىدۇ. بۇ ھەقتىكى مىش ـ مىش گەپلەر، ئۆيەر ـ بۇيەردىن ئۈزۈۋېلىنغان رىۋايەتلەر قايىل قىلارلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ. ھەقىقى ئىسلام تارىخىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئاز ساندىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بۇ مازارلار توغرىسىدا ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولسىمۇ كۆپ ساندىكى ئەل ـ ئاۋامغا، شىئە مەزھىپىگە تەۋە ئىماملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مازارلىرىنىڭ خوتەن تەۋەسىدە قانداق شەكىللەنگەنلىكى ھازىرغىچە بىر سىر. ئىماملار مازارلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان ئەرەبلەر زېمىنىدا ئەمەس، بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىندا شەكىللەنگەن، ھېلىھەم تاۋاپ قىلغۇچىلارنى جەلىپ قىلىۋاتقان ئىكەن. شۇنداقلا بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئىستىكىدە بولۇۋاتقان ئىكەن، بۇ مازارلارنىڭ شەكىللىنىشى، تاۋاپ قىلىشنىڭ تارىخى مەنبەسى ۋە سەۋەبلىرىنى بىلىپ قويۇشىمىز لازىم. بۇلارمۇ يۇرتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي جەھەتتىكى كەچۈرمىش، قىسمەتلەرگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئىماملار مازارلىرىنىڭ يۇرتىمىزدا شەكىللىنىشى ئىسلام تارىخىدىكى بىرمۇنچە ۋەقەلەرگە چېتىشلىق بولغان، چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي يىلتىزى بار مۇرەككەپ مەسىلە. ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەشۇ مازارلار (مازىرى تىكلەنگەن ئىماملار) نىڭ بىر ـ بىرىگە چېتىشلىق «تەزكىرە» (رىۋايەت) لىرى تارقالغان. شۇڭا بىرىسى ئارقىلىق باشقىلىرىغا نەزەر سېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا جەريان ۋە سەۋەب توغرىسىدا ئىخچام ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ دېگەن قاراش بىلەن ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى ھەققىدە توختۇلىمىز. چۈنكى خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكى ئىماملار مازارلىرى ئىچىدە ئىمام جەئفەرسادىق مازىرىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر چوڭ. تارىخ ـ تەزكىرىلەردە ئۇنىڭ نامى كۆپ زىكرى قىلىنغان. شىنجاڭدا ئۆتكەن بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ

پائالىيىتى مۇشۇ مازار بىلەن چېتىشلىق، تاۋاپقا كېلىدىغانلارنىڭ سانى يەنىلا كۆپ. مۇشۇ بىر مازارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئېنىقلاپ چىقىلسا باشقىلىرى توغرىسىدىمۇ ئوخشاش چۈشەنچىگە كېلىش مۇمكىن.

ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى ـ نىيا ناھىيە بازىرىنىڭ 95 كىلومېتىر شىمالىغا، نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. مازارنىڭ بەش كىلومېتىر جەنۇبىدا نىيا يېزىسىغا تەۋە قاپاق ئاسقان دېگەن كەنت بار. كەنتتە 95 ئائىلىلىك دېھقان چارۋىچى ئولتۇراقلاشقان. مازارغا بارىدىغان تاۋاپچىلار «مەشرەپ دەرۋازىسى» دا دۇئا قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ كەنتتىن ئۆتىدۇ. نىيا قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرگۈچى ئارخېئولوگلار ھەم ساياھەتچىلەرمۇ مازارنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. نىيا دەرياسىنىڭ سۈيى قاپاق ئاسقان كەنتىگىچە يېتىپ كېلەلەيدۇ. پەقەت كەلكۈن پەسىلدىلا مازار يېنىدىكى ئېگىز توغراقلار ئۆسۈپ كەتكەن دەريا ئېزىغا ئاز مىقداردا كەلكۈن سۈيى كېلەلەيدۇ.

نىيالىقلار بۇ مازارنى «پاششىم» (پادىشاھىم دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى) دەپ ئاتايدۇ. ئادەتتە ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى دېمەيدۇ. قاپاق ئاسقان كەنتىدىكى كىشىلەر بولسا بۇ مازار تۇرۇشلۇق ئورۇننى «ھال» (ھويلا دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى)، ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ مەقبەرىسىنى «سومە» ياكى «غوجامنىڭ بېشى» دەپ ئاتايدۇ.

## 2. ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى توغرىسىدىكى ئىككى رىۋايەت

ئىماملار مازارلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە «ئىمام جەئفەر سادىق ۋە ئىمام ئاسىم تەزكىرىسى» دېگەندەك ناملار بىلەن تارقالغان باسما ياكى قول يازمىلارمۇ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەتلەرمۇ بار. «تەزكىرە» دەپ ئاتالغانلىرىمۇ مەزمۇن جەھەتتىن يەنىلا ئەپسانىۋىلەشتۈرۈلگەن رىۋايەت. تاۋاپچىلار ئىماملار مازارلىرىنىڭ خوتەن تەۋەسىدە بولۇشىنى ئەشۇ «تەزكىرە»، «رىۋايەتلەر»نى دەستەك قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ مازارلارنىڭ شەكىللىنىشى «تەزكىرە» رىۋايەتلەردىن ئايرىپ قاراشقا ئامالسىزمىز.

ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ غايىپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت، يەنى «ئىمام جەئفەر سادىق ۋە ئىمام ئاسىم تەزكىرىسى» (بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ ئۇنى ئەسلى ئاتىلىشى بويىچە تۆۋەندە «تەزكىرە» دەپ ئاتايمىز) بىلەن مەشرەپنىڭ «ئىمام جەئفەر سادىق غايىپ بولغان يەر» نى تېپىپ ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنى ئاشكارىلىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكىنى تونۇشتۇرىمىز:

بىرىنچى، ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ غايىپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى «تەزكىرە» نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى:

ئىمام مۇھەممەد باتۇر چۈشىدە ئايان بولغان بىشارەتكە ئاساسەن ئوغلى ئىمام جەئفەر سادىقنى ① مەرۋاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش ئۈچۈن سىپتىكوھ (بۇنى «تەزكىرە» دە «ئاقسۇنىڭ ئۇچتۇرپان» دەپ ئىزاھلىغان) غا ئەۋەتىدۇ. ئاقسۇ پادىشاھى شاھ بەھرام ئاغزىدا ئىمام جەئفەر سادىققا ئىتائەت قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىق سىپتىكوھتا 20 يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ. 20 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمر ئابا مۇسلىم ② شام شەھرىگە (ھازىرقى سۈرىيىگە) ھۇجۇم قىلىپ ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ بوۋىسى ئىمام ھۆسەيىننىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزىلىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىق ئەمر ئابا مۇسلىم بىلەن بىرلىشىپ بوۋىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىدۇ. ئاقسۇنىڭ پادىشاھى ③ شاھ بەھرام مەرۋاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىمام جەئفەر سادىقنى مەككە، مەدىنە تەرەپكە باشلىماي چىن ماھارچىن (خوتەن) تەرەپكە باشلاپ كېلىدۇ. خوتەن مەرۋان خاقانىغىمۇ خەت يېزىپ ئىمام جەئفەرى سادىقنى يوقىتىشنى، ئۆزى تەرەپكە كەلتۈرمەسلىكىنى ئۇرۇنلاشتۇرىدۇ. كۆرسەتمە بويىچە خوتەن خاقانى ئىمام جەئفەر سادىقنى توسىۋالىدۇ. خوتەنلىكلەر بىلەن ئىمام جەئفەر سادىق باشچىلىقىدىكى ئىسلام ئەھلى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، مەدىنىدىن ئىمام ئاسىم ياردەمگە كېلىدۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئېلىشىش جەريانىدا ئىمام ئاسىم قاتارلىق ئىماملار شېھىت بولىدۇ. .. خوتەن خاقانىنىڭ ئىلىيە ئىسىملىك قىزى ئەمر ئابا مۇسلىمگە غايىبانە ئاشىق ئىكەن. ئەشۇ قىزنىڭ ئاتىسىغا

نەسىھەت قىلىشى بىلەن خوتەن خاقانى ئورۇشنى توختىتىپ شەھىرىگە قايتىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىق ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئىمام ئاسىمغا ماتەم تۇتۇپ ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى ئاي قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۇنىڭ جىملە خېنىم، ئايتۇلان خېنىم باشلىق بىر قىسمىنى تاغ ئارىلاپ مېڭىشقا يولغا سالىدۇ. بىر قىسمىنى ئۆزى باشلاپ كېرىيەنىڭ ئويتوغراق دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشكۈن قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى بۇۋى ئەنقات خېنىمنىڭ مەسلىھەتى ۋە يول باشلىشىدا تۆۋەن قۇم كېچىكى بىلەن مەشرىققە (شەرققە) قاراپ سەپەر قىلىدۇ. مەنزىللەر ئېشىپ بىر دەريا قايىنۇقىنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىزلىككە چۈشكۈن قىلىپ چېدىرلارنى تىكىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىق چىراغ يېقىپ قۇرئاننى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلىپ ئوقۇشنى باشلايدۇ. (مازاردىكى «چىراغخانا ئۆز ۋاقتىدا ئىمام جەئفەر سادىق قۇرئان ئوقۇغان يەر ئىمىش) بۇۋى ئەنقات خېنىم قاتارلىق ئايالالار تاماققا تۇتۇش قىلىدۇ.

شام شەھىرىدىن مەرۋاننىڭ ئەمرى بىلەن ئىمام جەئفەر سادىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان لەشكەرلەر ئىز قوغلاپ يېتىپ كېلىدۇ ۋە ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قورشىۋېلىپ ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ ھەمراھلىرىنى قەتلى قىلىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىقنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن توققۇز قات قورشاۋغا ئالىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىق ئاللاغا مۇناجات قىلىپ مۈشكۈلنى ئاسان قىلىشنى تىلەيدۇ. تىلىكى ئىجابەت بولۇپ قاتتىق بوران چىقىپ كۆزنى ئاچقۇزمايدۇ. ئۇ، شۇ بوراندا غايىپ بولۇپ كېتىدۇ. مەرۋان ئەۋەتكەن لەشكەرلەر ئىمام جەئفەر سادىقنى تۇتالمىغاندىن كېيىن قەتلى قىلىنغانلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ شام شەھىرىگە بېرىپ مەرۋاندىن ئىنئام ئالماقچى بولىدۇ. شۇ ھامان ئاسماندىن قۇم يېغىپ جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇم ئاستىغا دەپنە قىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇندىن كېيىن مەرۋان ئەۋەتكەن لەشكەرلەر تاغ ئارىلاپ ماڭغانلارنى قوغلاپ بېرىپ قورشاۋغا ئالىدۇ. ئۇنجىلە خېنىم، ئايتۇلان خېنىم قاتارلىقلارنى تاغ يېرىلىپ قوينىغا ئالىدۇ. مەرۋاننىڭ ئادەملىرى نائىلاج قايتىپ كېتىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغان «تەزكىرە» دە بايان قىلىنغان رىۋايەتنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى يۇقارقىلاردىن ئىبارەت. بىلىش لازىمكى بۇ ئەپسانىۋى رىۋايەت. لېكىن بۇ رىۋايەت تاۋاپچىلار ئارىسىدا ئىمام جەئفەر سادىق نامىدىكى بۇ مازارنىڭ مۇشۇ يەردە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىنىشىدىكى دەلىل ـ ئىسپات سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ. بۇ «تەزكىرە» دە 12 ئىماملارنىڭ بىرىنچى ئەۋلات ئىمامى ئەلى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى بىلەن مۇئاۋىيە ئەبۇ سۇفىيان قۇرغان ئۆمەييىلەر سۇلالىسى (مىلادى 661 ـ يىلىدىن 750 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئۆمەييە سۇلالىسى خەلىپىلىرىنىڭ ئەرەبلەر زېمىنىغا شۇنچە يىراق بولغان خوتەنگىچە ئادەم ئەۋەرتىپ ئىمام جەئفەر سادىق قاتارلىق ئىماملارنى قوغلاپ يۈرۈپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقى نوقتىلىق بايان قىلىنىپ ئۆمەييەلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىك قوزغۇتۇلغان ۋە 12 ئىماملار تەرەپدارلىرى ئىسلام دىنىنى ئۆز زامانىسىدا خوتەن تەۋەسىگە ئېلىپ كىرگەن دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. قىسقىسى، ئەرەبلەر ئارىسىدىكى ئىككى دىنى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈرەشنىڭ بىر قىسمى سۆزلەنگەن.

ئىككىنچى، شاھ مەشرەپنىڭ ئىسرىق سېلىش ئارقىلىق ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنى ئاشكارىلىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت:

بۇ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەت بولۇپ ھازىرغىچە يازما نۇسخىسىنى ئۇچراتمىدۇق. ئۇنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى تۆۋەندىكىچە:

«ئەۋلىيا» ئاپاق خوجىنىڭ شاگىرتى شاھ مەشرەپ ئىمام جەئفەر سادىق غايىپ بولغان يەرنى ئىزدەپ خوتەن تەرەپكە كېلىدۇ. «ئىمام جەئفەر سادىق ۋە ئىمام ئاسىم تەزكىرىسى» دە سۆزلەنگەن يۆلۈلۈش بويىچە ئىزدەپ نىياغا كېلىپ شىمال تەرەپتىكى قۇملۇققا قاراپ ماڭىدۇ. ھازىرقى «مەشرەپ دەرۋازىسى: (بۇ يەر ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنىڭ 19 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى يول ئۈستىدە) دېگەن يەرگە كېلىپ شامال چىقمىغان كۈنلىرى بوي (ئايەت بەنت قىلىنغان ئىسرىق تۈتۈن) سېلىپ 40 كېچە ـ كۈندۈز ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ. بوي (تۈتۈن) ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ كېتىۋېرىدۇ. ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ غايىپ بولغان جايىدىن بىشارەت بولمايدۇ. شاھ مەشرەپ ئاخىرى بوينىغا قارا ئارغامچىنى ھالقىلاپ سېلىپ ئېگىز توغراققا ئېسىلىپ ئۆلۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. توغراق ياي شەكلىدە ئېگىلىپ ئۇچى يەرگە قادىلىپ

توختايدۇ. شاھ مەشرەپنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپ قېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۆلمەيدۇ. (كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەشۇنداق ئېگىلىپ قالغان بىر تۈپ توغراق 56 ـ يىلىغا كەلگۈچە شۇ يەردە بار ئىكەن)، يەنە شۇ يەردە بوي سىلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ. بوي تۆۋەنگە (شىمالغا) ماڭىدۇ. شاھ مەشرەپ توتۇننى قوغلاپ ھازىرقى ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىدىن ئۆتۈپ تۆلكىچى كۆل دېگەن يەرگە بوي سالىدۇ. توتۇن جەنۇبقا ماڭىدۇ. يەنە توتۇننى قوغلاپ كەينىگە يېنىپ ھازىرقى ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىدىكى «مەشرەپ گەمىسى» دېگەن يەردە بوي سىلىپ 40 كېچە ـ كۈندۈز ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ. ئىسرىق (توتۇن) ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ كېتىۋېرىدۇ. شاھ مەشرەپ ئاخىرى بوينىغا قارا ئاغامچىنى ھالقىلاپ سېلىپ ئېگىز توغراققا ئېسىلىپ: «ئىمام جەئفەر سادىق پادىشاھىم غوجام، سەن ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىمساڭ مەنمۇ سېنىڭ يېنىڭغا كېتەي!» دەپ نالە قىلىپ ئۆلمەكچى بولىدۇ. شۇ ئەسنادا «ئۆلۈش نىيىتىڭدىن يان!» دېگەن سادا كېلىدۇ. شاھ مەشرەپ قارىسا ئۇ تەرەپتە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئېگىزلىكتە ئىمام جەئفەر سادىق زاھىر بولۇپ (كۆرۈنۈش قىلىپ) غايىپ بولىدۇ. شاھ مەشرەپ ئىمام جەئفەر سادىق كۆرۈنۈش قىلغان يەرگە توپراق بېشى ياساپ، خادا قاداپ تۇغ ـ شەددىلەرنى ئاسىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ توپراق بېشىنى ياساپ خادا قادايدۇ. ئوت كۆرۈنگەن يەرگە كۆلخان يىقىپ سوفى ـ تالىپلىرى بىلەن بىللە ئىمام جەئفەر سادىققا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ غايىپ بولغان جايى مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكى ئەل ـ يۇرتقا تارىلىپ بۇ يەر «ئۇلۇغ مازار» غا ئايلىنىدۇ.

«تەزكىرە» ۋە رىۋايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى يەنى مەشرەپنىڭ «تەزكىرە» دە بايان قىلىنغان يۆنۈلۈش بويىچە نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا بېرىپ «ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنى ئاشكارىلىغانلىقى» ۋە باشقا ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 12 ئىماملارنىڭ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى «تەزكىرە» نىڭ بۇرۇن تۈزۈپ تارقىتىلغانلىقى، «تەزكىرە» دىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مازار شەكىللەندۈرۈلگەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

### 3. ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى

ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنىڭ قايسى زاماندا ھازىرقى ئورنىدا شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات يوق. پەقەت مەشرەپنىڭ ئىمام جەئفەر سادىق غايىپ بولغان يەرنى ئاشكارا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى يۇقارقى رىۋايەت ھەم مەشرەپنىڭ بىرنەچچە مىسرا شېئىرى بار. بۇ رىۋايەت، ئىمام جەئفەر سادىق غايىپ بولغان يەرنى مەشرەپ ئاشكارىلىغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇيەردە مازار يوق ئىدى. دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك مەشرەپ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان يەرلەرمۇ كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلانغان. «بۇ مازار شەكىللەنگىلى مىڭ يىلدىن ئاشتى. ئىماملار غايىپ بولغان ياكى شېھىت بولغاندىن كېيىنلا مازارلىرى شەكىللەنگەن» دېگەندەك پەرەز قىلىشلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. شۇڭا مازارنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنى ئېنىقلاپ چىقىشتىكى ئاساسلىق ماتېرىيال يەنىلا مەشرەپنىڭ ئىمام جەئفەر سادىق غايىپ بولغان يەرنى ئاشكارىلىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت. بۇ رىۋايەتتىكى ۋەقەلىكنىڭ شۇ زاماندىكى رېئاللىققا قايسى جەھەتتە مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرساق ۋە مەشرەپنىڭ خوتەنگە كەلگەن ۋاقتىنى ئېنىقلاپ چىقساق مۇناسىپ ھالدا مازارنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىمۇ ئېنىقلىنىدۇ.

مەشرەپ 1640 ـ يىلى ئەنجاندا تۇغۇلغان. ئاۋال نەمەنگاندىكى ئىشان موللا بازار ئاخۇنۇمدا ئوقۇغان. 20 ياشلار ئەتراپىدا قەشقەرگە كېلىپ ئاپاق خوجىغا قول بېرىپ مۇرت بولۇپ ئۇنىڭ مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ يەردە يەتتە يىلدەك تۇرغاندىن كېيىن ئاپاق خوجا خانىقاسىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ 40 يىل داۋاملاشقان تەركى دۇنيالىق ھاياتىنى باشلىغان. ئۇ ئاۋال يەكەن، خوتەن تەرەپلەرگە سەپەر قىلغان. شۇلارغا ئاساسلانغاندا مەشرەپنىڭ خوتەن تەۋەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى 1668 ـ 1670 ـ يىللار ئارلىقىغا توغرا كېلىدۇ. مەشرەپ ئۇندىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭ تەرەپلەرگە كەتكەن، خوتەنگە قايتا كەلمىگەن. جاھان كېزىپ 1711 ـ يىلى ئافغانىستاندا شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلار ۋە مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن بەلىخ ھاكىمى ماھمۇد قاتاغان تەرىپىدىن پەتىۋا چىقىرىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ دارغا

ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە خان ئاباد شەھرى يېنىدىكى ئىشكەشمە يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ مازىرى ھازىرمۇ شۇ يەردىكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ تاۋابگاھى (بەزى تەتقىقات ماقالىلىرىدا مەشرەپ 30 ياشتىن ئاشقان مەزگىلدە ئاپاق خوجا ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقارغان، دېيىلگەن. ۋاھالەنكى مەشرەپنىڭ 30 ياشتىن ئاشقان ۋاقتى ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزى قەشقەردىن قوغلاندى قىلىنىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە دىن تارقىتىپ يۈرگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ.) مەشرەپ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا ئۆتكۈزگەن تەركى دۇنيا ھاياتى جەريانىدا ئەينى چاغدىكى جاھالەتلىك جاھاننى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن. فېئودال كۈچلەرگە، دىيانەتتىن يۈز ئۆرۈگەن روھانىلارغا ۋە ساختىلىق، ئالدامچىلىققا نەپرەت بىلدۈرۈش. ئادالەتنى ياقلاش، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە غەمگۈزار بولۇش، ھەق (لىللالىق، ئادالەت) كە يېتىش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشكە تەلپۈنۈپ تۇرۇشتەك ئىنسانى تۇيغۇلىرىنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ئوبرازلىق، يارقىن ئىپادىلەپ ئەل ئىچىدە «ئەۋلىيا» ئاتىلىپ ئىززەتلىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن كلاسسىك شائىر. لېكىن بۇ ئىخلاس، ئەقىدە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن تەركى دۇنيا زات، ئاپاق خوجىنىڭ قول بەرگەن مۇرىتى. ئۇ ئاپاق خوجا ئوردىسىدىكى بىر قىزغا كۆز تاشلاپ «زىنايى ھارام قىلىش ئۆيىدا بولغان، گۇناھى ئۈچۈن ئاپاق خوجا تەرىپىدىن خورلۇققا ئۇچراپ ئۇنىڭ خانىقاسىدىن ھەيدەلگەندىن كېيىنمۇ تەسەۋۋۇرپچىلىق يولىدىن قىلچە تەۋرەنگەن ئەمەس. تەركى دۇنيا ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇنىڭ روھى تامامەن تەسەۋۋۇپچىلىققا تەۋە ئىدى. گەرچە مەشرەپنىڭ ئىمام جەئفىر سادىق غايىپ بولغان يەرنى تاپقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئەپسانىۋىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ مەشرەپنىڭ «ئىمام جەئفىر سادىق تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنغان يۆنۈلۈش بويىچە ئىزدەپ نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا بېرىپ ئىمام جەئفىر سادىق غايىپ بولغان يەرنى بەلگىلەپ (ئاشكارىلاپ) دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانلىقى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەقىدىسىگە ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىققا ئۇيغۇن. چۈنكى شۇ مەزگىللەردە ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇش چېكىگە يەتكەن، 12 ئىماملارغا تەۋە ئىماملارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنى بالدۇر ئېلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى «تەزكىرە» رىۋايەتلەر سوفىلارنىڭ كاللىسىغا ئەينەن تارىخ كەبى ئورناپ كەتكەن...

مەشرەپنىڭ شېئىر غەزەللىرىدىمۇ بۇ نوقتىنى ئىسپاتلايدىغان مىرالار بار. «دىۋان مەشرەپ» تە مەشرەپ يەكەندىن ئايرىلىش ھارپىسىدا: «ھەزرىتى ئەلنىڭ نەبىرەلەرى ئىمام جەئفەر سادىق خوتەن ۋىلايىتىدە دۇر» دەپ ئۇيلىغانلىقى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن خوتەن تەرەپكە راۋان بولغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. بۇ بايانىدا «مازىرى» دېگەن سۆز ئىشلىتىلمىگەن. بۇنىڭدا «تەزكىرە» گە ئاساسەن «غايىپ بولغان» ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. مەشرەپنىڭ:

«نەچچە كۈن ۋەسلىن سوراپ ئىزلەپ خوتەن سەھراسىدا

جەئفىرى سادىق ئىمام قوتبى رەمانىم كەلدىيا.»

— («دىۋان مەشرەپ» 29 ـ بەت)

دېگەن مىرالىرى ئۇنىڭ «غايىپ بولغان» ئىمام جەئفەر سادىقنى (غايىپ بولغان يېرىنى) خوتەن سەھرالىرىدا تەقەززالىق بىلەن ئىزلەپ ـ سوراپ ئاخىرى مەقسەتكە يەتكەن پەيتتىكى بەختلىك ھېسسىياتىنىڭ شېئىرى تەسۋىرى. بۇ ئىككى مىسرا توقۇلمىمۇ ئەمەس، رىۋايەتتىن ئۆزگەرتىۋېلىنغان نەزمىمۇ ئەمەس، بەلكى مەشرەپنىڭ ئۆز شېئىرى. مەشرەپنىڭ ئىمام جەئفەر سادىق غايىپ بولغان جاينى «ئاشكارا قىلغان» لىقى توغرىسىدىكى ئۆز ئىسپاتى.

مەشرەپ ئىمام «جەئفەر سادىق غايىپ بولغان يەر» نى بەلگىلەم «تەزكىرە» دە سۆزلەنگەن يۆنۈلۈش ۋە يەر شەكلىگە ئاساسەن بەلگىلىگەندۇ. ياكى يەر شەكلىنى «تەزكىرە» دىكى بايانلارغا بىرلەشتۈرۈپ سوفىلارغا خاس ئىشىق بىلەن غايىۋانە بىر ئالەمگە ئىچكىرلەپ كېتىپ تەسەۋۋۇرىدا ئىمام جەئفەر سادىق زاھىر بولۇپ چىقىپ كەلگەندۇ... «تەزكىرە»، «ئىمام جەئفەر سادىق بىر دەريا قانبۇقنىڭ يېنىدىكى ئېگىزلىككە چۈشكۈن قىلغانلىقى ۋە شۇ يەردە غايىپ بولغانلىقى بايان قىلىنغان. ھازىرقى ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىمۇ نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قانيۇق (دەريانىڭ ئەگرى قايىنام يېرى) نىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان. جۈملىدىن خوتەن تەۋەسىدىكى ئىماملار مازارلىرى يۇرت ـ كەنتلەردىن

چەت، يەر شەكلى ئالاھىدىرەك يەرلەرگە جايلاشقان.

تارىخى مەنبەلەردە يەنە سەئىدىيە خانلىقى پارچىلىنىۋاتقان تارىخى مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە ئەنە شۇنداق مۇقەددەس «زىيارەتگاھ» لارنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقى بايان قىلىنغان. مەشرەپنىڭ خوتەنگە كەلگەن ۋاقتىمۇ دەل ئەشۇ مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. يۇقارقىلارغا ئاساسەن مەشرەپنىڭ ئىمام «جەئفەر سادىق غايىپ بولغان يەرنى ئاشكارا قىلغان» لىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ زامان ئاساسى بار. ھەم نىيا ناھىيىسىدىكى ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنى شەكىللەندۈرگەن تۈنجى كىشى مەشرەپ دېيىشكە بولىدۇ. بىز رىۋايەتتىكى «مەشرەپ سوپى ـ تالىپلىرى بىلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن ئىمام جەئفەرى سادىق مازىرى ئاشكارىلىنىپ نامى تارالغان» دېگەن بايانغا ئاساسەن مەشرەپ خوتەندە پائالىيەت ئېلىپ بارغان يىللاردا ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنى ئاشكارىلىغان دەپ ھېسابلىساق بۇ مازار شەكىللىنىپ تاۋاپ پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىغا 330 يىل ئەتراپىدا بولدى دەپ مۆلچەرلاشقا بولىدۇ.

ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى شەكىللىنىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ نامى پۈتۈن شىنجاڭغا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارالغان. دەسلەپتە سوفىلار ۋە سوفىزىم تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار تاۋاپ قىلغان بولسا سوفىزىمنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشى بىلەن مۇسۇلمان پۇخرالار بۇ مازارغا تاۋاپ قىلىشنى ئۆزلىرىگە كاتتا ساۋاپ ئىش ھېسابلايدىغان بولۇشقان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا تاۋاپچىلار كۆپ بولغان يىللاردا 30 مىڭ كىشىگە يەتكەن. مازاردىن يىل بويى توپ ـ توپ سوفى، ئاشىق، غېرىپ ـ مۇساپىرلار ئايرىلمىغان. مازار يېنىدا مەدرىس بىنا قىلىنىپ كۆپ بولغاندا 70 ـ 80 تالىپ ئوقۇغان.

## 4. مازارغا تاۋاپ قىلىشنىڭ تارىخى مەنبەسى ۋە سەۋەبلىرى

ئىمام جەئفەرى سادىق مازىرىغا تاۋاپ قىلىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىمام جەئفەر سادىق شىئە مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق تارمىقى بولغان «ئەئىممە ئىمامىيە» (12 ئىماملار) نىڭ 6 ـ ئىمامى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ④ 5 ـ ئەۋلادى. ئۇ مىلادىيە 702 ـ يىلى (ھىجرىيە 83 ـ يىلى) مەدىنىدە تۇغۇلۇپ مىلادىيە 765 ـ يىلى (ھىجرىيە 148 ـ يىلى) مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئىمام جەئفەر سادىق ئۆز ھاياتىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارلاشماي قۇرئان، ھەدىس قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆگىنىپ دىنى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن. قانائەت، ئەخلاق ئىلىمدە، شۇنداقلا ئىلاھشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئۆز دەۋرىنىڭ داناسى ئاتىلىپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ: «مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىك خىسلىتى بىر خىل ئىلاھى نۇرنىڭ قۇدرىتىدىن كەلگەن، بۇ نۇر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ نۇر پەيغەمبەر ئەۋلاتلىرىغا يۆتكىلىپ داۋاملىشىدۇ...» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە شەرھىيلەپ شىئەتەلىماتىغا ئاساس سالغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇ «20 نەچچە پارچە كىتاب تەسنىپ قىلغان.»

شىئەلەر (ئەگەشكۈچىلەر) ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ئەلىگە ئەگەشكۈچىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىمام ھۈسەيىن ئۈممەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى يەزىدنىڭ كۇفەدىكى لەشكەرلىرى تەرىپىدىن كەربالادا شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن (مىلادىيە 680 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) سانى كۆپىيىپ كۈچىيىشكە باشلىغان. شىئەلەر شەكىللەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپلا پەقەت، ھەزرەت ئەلى ئىسلام دىنى ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەس ۋارىسى دەپ ئىشىنىپ كەلگەن. چۈنكى ئەلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىككى تۇغقان ئىنىسى (بىر تۇغقانىنىڭ باللىرى) ۋە كۈيئوغلى، شۇنداقلا دەسلەپ ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. 6 ـ ئىمام جەئفەر سادىق ئۆز ئۇقتىشئەزەرلىرى بىلەن شىئەلەرنىڭ ئەنە شۇ قارىشىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان... ئۇ

«ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىلا قانۇنى ئىمام ھېسابلىنىدۇ. ئىماملاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىلاھى نۇر بار. ئۇ نۇر يەنە پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىغا داۋاملىشىدۇ. ئىماملىقنى ئاللا ئاتا قىلغان. ئۇ مۇقەددەس، بەندىلەرنىڭ ئۇنى سايلاش ھوقۇقى يوق. ئىماملار ئىلاھى خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئاللانىڭ پاناھىدا بولىدۇ. گۇناھ سادىر قىلمايدۇ. ئىمام

غايىپ بولىدۇ...» دېگەن قاراشلار شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىگە، كېيىنچە دىنىي تەلىماتى بولغان دىنىي ئېتىقادقا تەرەققىي قىلغان. شىئە مەزھىپى كېيىنكى چاغلاردا يەنە بىرقانچە مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن بولسىمۇ ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىلا ئىسلام دىنى ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر ئۇلارنىڭ ئورتاق ئېتىقاد ئاساسى بولۇپ قېلىۋەرگەن. شىئە مەزھىپىدىكىلەر ۋە شۇ مەزھەپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ئۇ تەلىماتنىڭ ئاساسچىسى ئىمام جەئفەر سادىقنى كاتتا ئەۋلىيا ھېسابلاپ ھۆرمەتلەپ «ئىمام جەئفەر سادىق پادىشاھىم غوجام» دەپ ئاتايدىغان بولغان. مازار تاۋاپ قىلىش — شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىگە تەسەۋۋۇپچىلار ۋارىسلىق قىلىپ كېڭەيتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن پەيدا بولغان تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) نى سۈننىي ياكى شىئە مەزھەپلىرىنىڭ بىرەرسىگە تەۋە دېگىلى بولمايدۇ. تەسەۋۋۇپچىلار سوبيېكت بىۋاستە سىزىم ۋە ئىچكى تەسىرات ئارقىلىق ئاللاغا يېقىنلىشىش، ئادەم بىلەن ئاللانىڭ بىرلىشىشى دېگەندەك سىرلىق ئەقىدىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن پىر – ئۇستازلارغا مۇرت بولۇپ ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە روھنى چېنىقتۇرۇپ قەلبنى پاكلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار خانىقا – مازارلاردا ئاللاغا ھەمدۇ – سانا ئېيتىپ زىكرى قىلىشىدۇ. مازار تاۋاپ قىلىش تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ بىر ئەنئەنىۋى ئادىتى. لېكىن ئۇلار ئۇدۇل كەلگەنلا مازارغا تاۋاپ قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارمايدۇ. ئەلبەتتە. پەقەت پەيغەمبەر ئەۋلادى دېيىلگەنلەر ۋە پىر — ئۇستازلىرىنى ئەۋلىيا ھېسابلاپ ئاشۇلارنىڭ مازارلىرىغا تاۋاپ قىلىشىدۇ.

تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى جەريانىدا سوپى — ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر (ئىمام ھۈسەيىن قاتارلىق ئىماملار) بىلەن قانداشلىق نەسەبى بارلىقىنى ئىسپات قىلىشىپ نەسەپنامە تۈزۈپ «ئاللا بەخش ئەتكەن ئىلاھى نۇر» غا بولغان ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تەكىتلىگەن. نەسەبى چېتىلغانلار ئۆزىنى «خوجا»، «سەئىد» دەپ ئاتىغان ۋە شۇنداق ئاتاش ئومۇملاشقان. 12 ئىماملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش «سەئىد» لەرنى ئەۋلىيا ھېسابلاپ ئۇلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىشنى ئەۋج ئالدۇرغان. ئۇ، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئىلاھى نۇر توغرىسىدىكى شىئەلەر نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ۋە ئاللا بەخش ئەتكەن ئىلاھى نۇر پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىغا داۋاملىشىدۇ، ئۇلار ئەۋلىيالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە» دەپ قارايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

تەسەۋۋۇپچىلىق شىنجاڭغا ئىسلام دىنى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كىرگەن بولۇپ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ تەسىرى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە خېلى زور دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن. لېكىن ئۇ 16 – ئەسىردە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئۆزگىچە يۆنىلىش ۋە نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ ئېچىنىشلىق تارىخىي ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغان. بۇخارادىن «ئەۋلىيا»، «سەئىد» ئاتاغ بىلەن (مىلادىيە 1533 — 1534 – يىللار ئارلىقىدا) شىنجاڭغا كەلگەن مەخدۇم ئەزەم (تولۇق ئىسمى خوجا ئەخمەت كاسانى) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ⑤ ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ ئاممىنى ئۆزلىرىگە چوقۇندۇرغان ۋە «خوجىلار دەرگاھىغا كېلىپ مۇرت بولغۇچىلارنىڭ گۇناھى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ خۇدا مەغپىرەت قىلىدۇ. ⑥» دېگەننى تارقىتىپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا سوفى – ئىشان سۇلۇك (يول، مەزھەپ) لىرىنى پەيدا قىلىپ سۇفىزىمنى مىسلىسىز ئۇلغايتقان. مەخدۇم ئەززەمنىڭ 7 – ئوغلى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى خوجا ئىسھاق ۋەلى «سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە 40 مىڭ مۇرت قوبۇل قىلغان، جايلارغا 64 خەلپەت تەيىنلىگەن ⑦» مەخدۇم ئەزەمنىڭ چەۋرىسى «ئاپاق خوجا ئازكەم 100 مىڭ كىشىنى ئۆز مەزھىپىنىڭ ئېتىقادىغا بەيئەت قىلدۇرغان. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئاپاق خوجىنىڭ مۇرتى 30 مىڭدىن ئاشقان» ⑧ (ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ھەم ئۆز مۇرتلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا جۇڭغارلارغا بېقىندى ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن مۇرتلىرى ئەسلەپ كۆبەيگەن. ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى كۆپەيگەنسېرى مازار تاۋاپ قىلغۇچىلارمۇ شۇنچە كۆپىيىپ كەتكەن.

ئاپاق خوجا شىنجاڭدا مازار تاۋاپ قىلىشنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تەشەببۇسچىسى. ئۇنىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ قازا تاپقاندىن كېيىن

قەشقەرنىڭ ياغدۇ (ھازىرقى ئاپاق خوجا مازىرى) دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنىپ كاتتا قۇرۇلۇش سېلىپ گۈمبەز قاتۇرغان. ئىشىك بېشىغا: «غەيرى ئەرەب كەئبىسى — مازارنى تاۋاپ قىلسا كەئبىنىڭ ئۆزىنى تاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ، مازارنىڭ توپىسىنى كۆزگە سۈرسە كىشى ئۆمرىدە قىلغان جىمى گۇناھلىرىدىن خالاس بولىدۇ...» ⑨ دەپ يېزىپ مازار تاۋاپ قىلىشنى ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرھزنىڭ بىرسى بولغان ھەج قىلىش بىلەن تەڭلەشتۈرگەن. دادىسىنىڭ مازىرىنى» ھەزرەت مازىرى» («ھەزرەت» نىڭ مەنىسى — ئەۋلىيا) دەپ ئاتاپ ئىشانىيە مەزھىپىنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلاندۇرغان... ئەشۇ مەزگىلدە خوجا، ئىشانلار ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرى بولمىش ئىماملارنىڭ تۇرلۇك توسالغۇ، زىيانكەشلىكلەرگە باش ئەگمەي ئىسلام دىنىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەڭ بالدۇر ئېلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى «تەزكىرە» لەرنى تۈزۈپ تارقاتقان ۋە ئۇنى جەڭنامە تەرىقىسىدە سۆزلەپ ۋايىزلىق قىلىشنى ئەۋج ئالدۇرغان. ئاشۇ «تەزكىرە» لەر ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئېڭىغا ئورناپ كەتكەندىن كېيىن «تەزكىرە» گە ئاساسەن ئىماملار مازارلىرى ئاشكارە قىلىنىپ شەكىللەنگەن. سەئىدىيە خانلىقى ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن مەزگىلدە (1638 ـ يىلدىن 1670 ـ يىللارنىڭ ئاخىرغىچە) «سەئىد» (خوجا ـ ئىشان) لارنى ئەۋلىيا ھېسابلاپ قول بېرىپ مۇرت بولۇش، باش ئۇرۇپ چوقۇنۇش، «سەئىد» لەرنىڭ ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جايلاردا «قازا تاپقان» ئاتا ـ بوۋىلىرى بولمىش ئىماملارغا مازار تىكلەپ تاۋاپ قىلىش — سوفىلار ۋە سوفىزىم تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقات ئىرادىسىگە ئايلانغان. خوجا — (ئىشانلار بۇ ئارقىلىق» ئاتا ـ بوۋىلىرى» ئىسلام دىنىنى بالدۇر ئېلىپ كىرگەن مۇشۇ زېمىندا ئىلاھى نۇرغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىسلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئۇستۇنلۇكنى تالاشقان. تەركى دۇنياچىلىق يامراپ كەتكەن، مازارلار تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ بىر مۇھىم پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالغان. ئۆزلىرىنى «خۇدانىڭ ئاشىقلىرى» ئاتاپ جەندى ـ كۇلا كەيگەن ئۇزۇن چاچ سوفى ـ ئاشىقلار ساپايى چېلىشىپ ئېتىقادچى ئامىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەشۇ مازارلاردا زىكرى ـ سۆھبەت قىلىشىپ ئەۋلىيالارغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈش، ھەمدۇ — سانا ئوقۇش، شەپقەت، شاراپەت تىلەپ تۈنەشنى ئادەت ـ كەيپىياتقا ئايلاندۇرغان. بۇنداق كەيپىياد جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاپاق خوجىدىن باشلانغان — خوجىلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن 77 يىلدا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. ئىماملار توغرىسىدىكى ئاشۇ «تەزكىرىلەر» دە يەنە «بۇ تەزكىرە كىتابىنى ئاڭلاپ ياكى ئوقۇپ كۆز يېشى قىلسا، ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن ساقلىسا ئىماملارنىڭ ئالتۇن تۇغى ئاستىدا باش كۆتۈرگەيلەر... ئىمام جەئفىر سادىق ئاستانىسى (مازىرى) پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ مەككىسىدۇر. ھەركىم يەتتە نۆۋەت تاۋاپ قىلسا كەئبىنى تاۋاپ قىلغاننىڭ ساۋابىنى تاپقاي... ھەرقانداق ھاجەتلىرى بولسا كېلىپ خەتمە قۇرئان قىلىپ ساۋابىنى رەسۇلۇللارنىڭ ئەقلى ـ ئەۋلادى ئىمام جەئفىر سادىق باشلىق ئىماملارغا بېغىشلاپ خۇدادىن تىلىسە راۋا بولغايلار... ⑩» دېگەنلەر تەرغىپ قىلىنغان. بۇ ئۇقۇملار مازار تاۋاپ قىلىش كەيپىياتقا ئايلانغان ئەشۇ زامانلاردىن تارتىپ تەكرار ـ تەكرار سۆزلىنىپ تەرىقەتچىلىك تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئېتىقادى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. سۆھبەتلىشىپ كۆرۈشىمىزچە ئۇلار ھازىرمۇ «تەزكىرە» لەردىكى ئەشۇ سۆزلەرگە شەكسىز ئىشىنىدىكەن. سوئالغا جاۋاب بېرىش جەريانىدا شۇ سۆزلەرنى شەكسىز چوقۇنۇش ھېسياتى بىلەن كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ئېغىزدىن چىقىرىدىكەن. يۇقارقىلار خوتەندىكى ئىماملار مازارلىرىنىڭ تىكلىنىشى ۋە مازار تاۋاب قىلىشنىڭ تارىخى مەنبەئى ۋە سەۋەبلىرىدۇر.

## 5. مازاردىكى ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ياۋىكالىقلارغا ئىزاھات

مازار ئاشكارىلانغان ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، ئاۋاتلىشىشى ۋە چوقۇنۇش كەيپىياتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە قانداق بولغانلىقىنى، مازارغا تەۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە قىسمەن يادىكارلىقلار مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئىگىز توغراقلار ئۆسۈپ كەتكەن (سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغان) نىيا دەرياسى ئىزى — مازاردىكى مۇھىم تاۋاپگاھ بىلەن مازارغا تەۋە باشقا ئۆيلەرنى ئايرىپ تۇرىدۇ. دەريا ئىزىنىڭ غەربىي تەرىپىدە چىراغخانا، ئالتۇن گۇلخان، شىلانخانا دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بىر يۈرۈش

ئۆيلەر بار. ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشى ئاددى ھەم كونا بولۇپ مازار ئاشكارىلانغان زاماندا ياسالغان دەپ قارىلىدىكەن. مازار شەيخىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى ۋە باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسەن، مازاردىكى ئاساسلىق ئۆي ـ ئىمارەت ۋە يادىكارلىقلارنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايمىز:

چىراغخانا: ئۆز ۋاقتىدا ئىمام جەئفىر سادىق چىراغ يېقىپ قۇرئان ئوقۇغان يەر ئىمىش.

ئالتۇن كۆلخان: مەشرەپ مازارنى ئاشكارىلىغاندا مۇشۇ يەرگە كۆلخان يېقىپ سوفى ـ تالىپلىرى بىلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانىمىش. «ئالتۇن كۆلخان» 1950 ـ يىللارنىڭ ئاغرىغىچە سوفى ـ ئاشىقلار، غېرىپ ـ غۇرۋا، دەرتمەنلەرنىڭ كۈن ـ تۈن ئوتتۇرىدىكى ئۈچۈرمەي قىشلايدىغان پاناھگاھى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن پەقەت تاۋاپ مەزگىلىدە سوفى ئاشىقلار «ئالتۇن كۆلخان» غا ئوت يېقىپ تۈنەپ چىقىدىكەن، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىكەن، مۇقام توۋلايدىكەن...

ئالتۇن قازان: «شىلانخانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيگە چوڭ بىر مىس قازان ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كىشىلەر ئۇنىڭ مىس قازان ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ يەنىلا «ئالتۇن قازان» دەيدىكەن. بۇ ئاتاش قازاننى ئالتۇندەك قىممەتلىك دەپ ئەتىۋارلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. تاۋاپچىلار بۇ قازاندا پىشۇرۇلگەن نەزىر ئېشىنى ئىچەلمىسە تاۋاپ رەسمىيەتلىرى تولۇق ئادا بولمايدۇ دەپ قارايدىكەن. قازاننىڭ چوڭقۇرلۇقى 80 سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ ئايلانمىسى 3.34 مېتىر بولۇپ، ئېيتىلىشىچە 150 جىڭ گۆرۈچتە پولو ئەتكىلى بولىدىكەن. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «نېزىكىم بەگ ۋەخپە قىلىپ بەرگەن خىسلەتلىك قازان» دېيىشىدىكەن. لېكىن قازاننىڭ گىرۋىكىگە: «ۋەخپە قىلدى بۇ قازاننى مەرغۇپ، فاك نالدىن مۇھەممەت ياقۇپ» دېگەن نەزمەھەم «ھىجرىيە 1286» دېگەن ئەرەبچە رەقەم ئويۇلغان. نەزمەھەم رەقەمدىن مەلۇمكى قازاننى ياقۇپ بېك ⑪ 1869 — 1870 ـ يىللىرى مەخسۇس ياسىتىپ ۋەخپە قىلغان. ئۇنى ياقۇپ بېكنىڭ خوتەنگە قويغان بېگى — نىياز ھاكىم بەگ يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسا «نىزىكىم بەگ ۋەخپى قىلغان» دېگەن گەپ ساقلىنىپ قالغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا بۇ قازان ۋەخپى قىلىنغىلى 128 يىل بولغان بولىدۇ.

ئىمام جەئفىرى سادىق مەقبەرىسى (سۇمە) — يۇقارقى بىر يۈرۈش ئۆيلەرنىڭ غەربىدىكى شېغىللىق ئېگىز دۆڭدە ئىمام جەئفىر سادىق مەقبەدىسى (سۇمە) يىراقلارغا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ 81 كۋادراتمېتىر چوڭلۇقتىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەۋرە شەكىللىك ئۆي بولۇپ ئەشۇ ئۆينىڭ ئىچىگە ئىمام جەئفىر سادىقنىڭ چوڭ قەۋرىسى قاتۇرۇلغان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىمام جەئفىر سادىق مەقبەرىسى ئورنىدا ئىلگىرى قەۋرە شەكلىدىكى بىر ياغاچ ساندۇق قەۋرە بەلگىسى قىلىپ قويۇلغان. ئەتراپىدا غۇژمەك خادا، تۇغ ـ شەددىلەر بولۇپ كىشىلەر ئەيمىنەپ يېقىن بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. 1956 ـ يىلى قارا قاشلىق قۇۋاتتىپاز ئاخۇن دېگەن كىشى ئىككى يىل ئىشلەپ ھازىرقى ئۆينى ياساپ ئىچىگە چوڭ قەۋرىنى قاتۇرغان. ئىمام جەئفىر سادىق مەقبەرىسىنىڭ غەربى، غەربىي ـ جەنۇپ، شىمال تەرەپلىرى شېغىللىق ئېگىزلىك بولۇپ كۆلىمى 360 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. شېغىللىقنى يىراقتىن قۇم باراخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۆچمە قۇم بۇ شېغىللىققا بېسىپ كېلەلمەپتۇ. ئۇلار بىرەر تال تاش تاپقىلى بولمايدىغان قۇملۇقتا مۇنداق بىر شېغىللىقنىڭ بولۇشى، شېغىللىقتا قۇم توختىمىغانلىقى، ئۇششاق تاشلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدە بولماي كۆپىنچىسى قىرلىق شەكىلدە بولۇشى ۋە ياغلاپ قويغاندەك پاقىراق بولۇشىنى ئاجايىپ رىۋايەتلەر بىلەن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىزاھلىشىچە: ئىمام جەئفىر سادىق «چىراغخانا» دا قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا بۇۋى ئەنقات خېنىم قاتارلىق ئايال تالىبەلەر گۆش، ياغ توغراپ تاماققا تۇتۇش قىلغانىمىش، ئۇلار مەرۋان ئەۋەتكەن قوشۇن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، توغرالغان گۆش، ياغ، پۇرەكلەر دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن مۇشۇنداق تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنىمىش... ئىمام جەئفىر سادىق مەقبەرىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بۇۋى ئەنقات خېنىمنىڭ بېشى دېيىلىدىغان زەرەتگاھ ھەم ئاياللار خانىقاسى بار. بۇ ئىمام جەئفىر سادىقنىڭ شۇ يەردە غايىپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ تولۇقلىمىسى بولسا كېرەك.

يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان جايلار تاۋاپ رەسمىيەتلىرى ئادا قىلىنىدىغان جايلار ھېسابلىنىدۇ. بى

تاھارەت بېرىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

مەدرىسنىڭ دەرۋازا بېشى: توغراقلىق دەريا ئىزىنىڭ شەرق تەرىپىدە «نېزىكىمبەك سالدۇرغان مەدرىس» نىڭ تاقىسى (دەرۋازىسى) ۋە مەسچىت، ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشلەرنىڭ ئۆيلىرى ۋە تاۋاپچىلار چۈشىدىغان ئۆيلەر بار.

مەدرىسنىڭ دەرۋازا بېشىنىڭ شەكلى قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى قاتارلىق قەدىمى داڭلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ دەرۋازا بېشىغا ئوخشايدۇ. مازارنىڭ شەيخى ماخمۇت قارىم (67 ياش) نىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن ئىزاھلىشىچە، چوڭ مىس قازاننى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن يىللاردا نىياز ھاكىم بەگە مازارغا ئاتاپ 15 ئېغىزلىق ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدرىس سالدۇرغان. مەدرىسنى قەشقەرلىك غاپپار ئۇستام دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ پۈتتۈرگەن. لازىملىق پىششىق خىش، گەچ، سىر، رەڭلىك چاقچۇق قاتارلىق ماتېرىياللارنى قەشقەردىن ئات، ئېشەك، تۆگىلەرگە ئارتىپ، توشۇپ كەلگەنىمىش.

يۇقارقىلاردىن مۇنداق قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن: مازار ئاشكارىلانغان دەۋردە مازارغا تاۋاپ قىلىشنىڭ بىر قېتىملىق يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. ئارىدىن ئىككى ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ياقۇپ بېك ئىمام جەئفىر سادىق مازىرىغا تاۋاپ قىلىش نەيرىگى بىلەن ھەببۇللا خاننى ئالداپ قەتلى قىلىپ خوتەننى قانغا بوياپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن ئىماملار مازارلىرىنى مۇستەھكەملەپ يەنە بىر كەيپىيات پەيدا قىلىپ مازارغا تاۋاپ قىلىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىغان....

نىيا ناھىيىلىك پارتكوم، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ داۋاملىشىپ كەلگەن تاۋاپ قىلىش ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، 1996 ـ يىل 8 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ بۇ مازارنى دىنى پائالىيەت سورۇنى ھەم ساياھەت ئورنى دەپ مۇقىملىدى. تاۋاپ قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئامانلىقنى قوغداش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تاۋاپچى، ساياھەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىشنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇپ 3 ـ كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلىدى. تاۋاپ پائالىيەت رەسمىيەتلىرى ئادا قىلىنىدىغان ئاساسلىق ئۆيلەر ۋە ئىمام جەئفىر سادىق مەقبەرىسىنى رېمونتلاپ گەج سۇۋاق قىلدى.

## 6. تاۋاپ پائالىيىتى

ئىمام جەئفىر سادىقنىڭ غايىپ بولغان ۋاقتى 8 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ دەپ ھېسابلاپ ھەر يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تاۋاپ پائالىيىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرىلىدۇ (ئىمام ئاسىمنىڭ قازا قىلغان ۋاقتى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغا توغرا كېلىدۇ دەپ قاراپ شۇ پەسىلدە تاۋاپ قىلىدۇ.) تاۋاپچىلار كۆپ بولغاندا كۈنىگە 500 ئادەمگە يېتىدۇ. تاۋاپ پائالىيىتى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) مازار ئەتراپىدىكى خانىقا، تىلاۋەتخانىلاردا ئىمام جەئفىر سادىق مەقبەرىسىگە يۈزلىنىپ خەتمە قۇرئان ئوقۇيدۇ. ئىمام جەئفىر سادىق روھىنىڭ يار ـ يۆلەكتە بولۇپ تىلەكلىرىگە يەتكۈزۈشنى، ئاخىرەتكە ئىمان بىلەن كېتىشنى، بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئوغايلىق بېرىشنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكۈزۈشنى تىلەيدۇ.

(2) يەتتە ئىشىك (رام) دىن ئۆتۈپ ئىمام جەئفىر سادىق مەقبەرىسى ئالدىغا چىقىپ ئىمام جەئفىر سادىق قاتارلىق ئىماملارنى ياد ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىگە دۇئا قىلىدۇ.

(3) تەرىقەتچىلەر (تەسەۋۋۇپچىلار) خانىقادا ھۆكمەت ئوقۇپ زىكرى قىلىدۇ. بىھۇش بولغۇچە پىقىراپ جەررە سالىدۇ.

(4) قان قىلىش ۋە نەزىر قىلىش ئېلىپ بارىدۇ. تاۋاپچىلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ چوڭ قازاندا نەزىر ئېشى ئېتىش ئۈچۈن ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ ئىنئام قىلىدۇ. ئىمام جەئفىر سادىقنىڭ روھىغا ئاتاپ قوي ـ توخۇ بوغۇزلاپ «قان قىلىدۇ» . ئۇنىڭ گۆشنى قازانغا سېلىپ نەزىر قىلىشقا ئىنئام قىلىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپىنچە بىر ماشىنا ئادەم بىرلىشىپ بىر مال قان قىلىدۇ.

سۇمەگە دۇئا قىلغىلى چىققاندا مازارنىڭ شەيخىگە پۇل ۋە قەن ـ گېزەك قاتارلىقلارنى دۇئا قىلدۇرىدۇ.

(5) ئىمام جەئفىر سادىق قاتارلىق «ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا» لارنىڭ روھىغا ئاتاپ «ئالتۇن قازان» (چوڭ مىس قازان) دا ئېتىلگەن نەزىر ئېشىنى ئىچىپ قايتىشنى

ساۋاپ بىلىدۇ. بارغان تاۋاپچىلار نەزىر ئېشىغا ئېغىز تەگمەي قايتمايدۇ. تاۋاپقا كېلەلمىگەن ئۇرۇق - تۇققان، باللىرىغا ئاتاپ ئاشنىڭ قيىمقى (قازان ھۇلىغا كۆيۈپ قالغان قاتتىغى) نى ئېلىپ كېتىدىغانلارمۇ بار.

(6) ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرگەنلەر ئىمام جەئفەر سادىق قەۋرىسىگە ئاتاپ چوڭ يوپۇق تەييارلاپ كېلىپ يوپۇق ياپىدۇ. ھازىرغىچە قەۋرە ئۈستىدە 50 دىن كۆپرەك يوپۇق ساقلانماقتىكەن.

## 7. بىر مەسىلىگە ئىككى كەلىمە كۆچۈرمە گەپ

ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ شىنجاڭغا، جۈملىدىن نىيا ناھىيىسىگە كەلگەن - كەلمىگەنلىكى توغرىسىدا زامانلاردىن بۇيان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئىسلام تارىخىغا ئائىت كىتابلاردا، ئىمام جەئفەر سادىق مەدىنىدە ۋاپات بولغان. شۇ يەردىكى پەقىئە گۇرۇستانلىقىغا — دادىسى ئىمام مۇھەممەت باقىرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان، دەپ جەزىملەشتۈرۈپ قەيت قىلىندى. تاۋاپچىلار ۋە سوفىزىم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئاۋام «ئىمام جەئفەر سادىق ۋە ئىمام ئاسىم تەزكىرىسى» (رىۋايەت) نى «تارىخىي پاكىت» دەپ چىڭ تۇرۇپ كەلدى. بىز ماقالىمىزنىڭ مەقسەت - تېمىسىغا مۇناسىپ ھالدا نىيا ناھىيىسى تەۋەسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى نېمە ئۈچۈن تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى دەلىللەپ ئۆتتۇق. كەلگەن - كەلمىگەنلىكى، جەسەتلىرى ئۇ يەردە ياكى بۇ يەردە دېگەننى دەلىللەش ماقالىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەمەس ھەم بۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئىككى كەلىمە كۆچۈرمە گەپنى قىستۇرما قىلساق بۇ بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا يېتەرلىك دەپ قارايمىز.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى، شائىر موللا مۇسا سايرامى (مىلادىيە 1836 - 1917 - يىللار) ئىمام جەئفەر سادىق قاتارلىق ئىماملارنىڭ خوتەن تەۋەسىگە كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېگەن: «... ھايات ئىگىسى بولغان خۇداۋەندەكېرىم ئەۋلىيائىي ئەزىملەر ياكى ماشايىخى كەرملەرگە دەرىجىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى ئاتا قىلسا ئۇلار بىر ۋاقىت ياكى بىر زاماننىڭ ئۆزىدىلا شامى شىرىتپە ۋە ياكى مەككە مۇئەززەمدە ياكى باشقا ۋىلايەتلەردە ئۆزىنى ئاشكارا قىلغانلىقىنى كۆردۇق دېگەنلەرمۇ بار. لېكىن ئۇ زاتنىڭ (ئىمام جەئفەر سادىقنى دېمەكچى) ئۆز جاي - ماكانلىرىدىن باشقا يەرگە بارغانلىقى ياكى بىر كۈن پېرىم كۈن غايىپ بولغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن. بىراق بۇنداق قىلىش بولسا ياراتقۇچى ئاللا دەرگاھىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئاسان بىر ئىشتۇر. شۇڭلاشقا خوتەندىكى ئىماملار بولسا خۇددى ئەنە شۇنداق يۈتكىلىپ ياكى غايىپ بولۇپ تۇرىدىغان ئالى دەرىجىلىك ئائىپلەر بولسا كېرەك. بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىر ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.» ⑫

مازارنىڭ ھازىرقى شەيخى ماخمۇت قارىم ئاخىرقى بۇ مەسىلىگە قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمىزدا مۇنداق جاۋاب بەردى: «كىتابلاردا ئۇنداق دېيىلمۇ دېگەندۇ. بىزلىدىمۇ تەزكىرە بار. ئىمام جەئفەر سادىق پادىشاھىم خوجام ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ يەردە غايىپ بولغان، مەشرەپ ئەۋلىياغىمۇ مۇشۇ يەردە كۆرۈنۈش قىلىپ غايىپ بولغان — مۇشۇ يەردىلىكى مەلۇم بولغان. ئۇزات غايىپ بولغاندىن كېيىن يا مەدىنە مۇنەۋۋەردە ياتسىمۇ ياتقاندۇ ياكى مۇشۇ يەردە ياتقاندۇ. بىز دۇئا - تىلاۋەت، نەزىر چىراغنى تەنگە، جەسەتكە قىلمايمىز، روھىناتىغا ئاتاپ قىلىمىز. شۇڭا دۇئانى، ئۆزلىرى غايىپ ۋاقىتلىرى ھازىر غوجام، دەپ باشلايمىز. بىز ئىمام جەئفەر سادىق پادىشاھىم خوجامنىڭ روھىناتىغا سېغىنىپ دۇئا — تىلاۋەت قىلىشنى باشلىغىنىمىزدا ئۇ (روھى) مۇشۇ يەردە ھازىر بولۇپ دۇئا — تىلەكلىرىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.»

يۇقارقى ئىككى كەلىمە كۆچۈرمىنى نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد - ئىخلاسلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئاخىرقى بىر مەسىلىگە ئۆزلىرى قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلەيدۇ دەپ ئىشىنىمىز. مازارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بىزگە يەنە شۇنى ئۇقتۇرۇدۇكى: ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى (ئىماملار مازارلىرى) نىڭ بىزنىڭ يۇرتىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى — شىئەلەرنىڭ «ئىمام غايىپ بولىدۇ» نەزەرىيىسىنىڭ ئىپادىسى.

**ئىزاھاتلار:**

① ئەرەب ئۇمەييە سۇلالىسىدا مەرۋان ئىسىملىك ئىككى خەلىپە ئۆتكەن. ئۇلار تارىختا مەرۋان I (مىلادىيە 683 — 655 — يىللار)، مەرۋان II (مىلادىيە 750 — 744 — يىللار) دەپ ئاتالغان، بۇيەردە مەرۋان II نى دېمەكچى بولسا كېرەك. چۈنكى مەرۋان I دەۋرىدە ئىمام جەئفەر سادىق تۇغۇلمىغان.

② ئىمىر ئابا مۇسلىم مەرۋىزى — خوراسانلىق، ئەرەب ئەمىرى. 747 — يىلى خۇراساندا ئۇمەييە سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى. قوشۇن تارتىپ ئۇمەييە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. قوزغىلاڭنىڭ مەقسىتى ئىمام ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرەرسىنى خەلىپە تىكلەش بولسىمۇ ئاخىرى ئەبۇل ئابباس ساخھان ھوقۇق ئىگەللەپ ئەرەب ئابباسىيە سۇلالىسى قۇرۇلغان.

③ ئاقسۇدا شاھ بەھرام ئىسىملىك بىرىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

④ 12 ئىماملارنىڭ ئىمام جەئفەر سادىققىچە بولغان رەت تەرتىپى ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: ھەزرەت ئەلى 1 — ئىمام، ئۇنىڭ ئايالى بۈۋى فاتىمە پەيغەمبەرنىڭ 1 — ئەۋلادى. ئىمام ئەلى (بۈۋى فاتىمە) نىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەسەن 2 — ئىمام، ھۆسەيىن 3 — ئىمام، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ 2 — ئەۋلادى؛ ئىمام ھۆسەيىننىڭ ئوغلى زەينۇل ئابىدىن 4 — ئىمام، پەيغەمبەرنىڭ 3 — ئەۋلادى. (پاكىستان ئىسلام دىنى تارىخچىسى سەئىد فەييار ماھمۇدنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا ئىمام ھۆسەيىننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەلى، يەنى ئەلى ئىبنى ھۆسەيىن 4 — ئىمام دېيىلگەن. مەن شىنجاڭدا ئىلگىرى نەشىر قىلىنغان ئىسلام دىنى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردا ھەم تەسەۋۋۇپچىلار تۈزگەن «تەزكىرە» رىۋايەتلىرىدە ئاتىلىپ ئومۇملىشۇپ قالغان بويىچە ئاتىدىم.) ئىمام زەينۇل ئابىدىننىڭ ئوغلى مۇھەممەت باقىر — ئىمام، پەيغەمبەرنىڭ 4 — ئەۋلادى؛ مۇھەممەت باقىرنىڭ ئوغلى جەئفەر سادىق 6 — ئىمام: ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ 2 — ئوغلى مۇساكازىم 7 — ئىمام.... كېيىن ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىسمائىلنى «7 — ئىمام بولۇشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئىلاھى نۇر تۇنجى ئوغۇلغا يۆتكىلىدۇ. .. ئىمام 7 دە ئاخىرلىشىدۇ...» دېگۈچىلەر باش كۆتۈرۈپ چىققان شۇنىڭ بىلەن «12 ئىمامچىلار» ۋە «7 — ئىمامچىلار» شەكىللەنگەن.

⑤ مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قانچىنچى ئەۋلادى دېيىلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئوخشاش ئەمەس. ئىلگىرىكى مىللى تىل — يېزىقتىكى ماتېرىياللاردا مەخدۇم ئەزەمنىڭ چەۋرىسى ئاپاق خوجا 27 — ئەۋلاد دېيىلگەنلىكى يېزىلغان. ئۇنداقتا مەخدۇم ئەزەم 24 — ئەۋلاد، ئوغۇللىرى 25 — ئەۋلاد، نەۋرىلىرى 26 — ئەۋلاد دېيىلگەن بولىدۇ. «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» (ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1995 — يىل 11 — ئاي 1 — نەشر) دە «تەزكىرەئىي نوجىگان» دا كۆرسىتىلگەن تەرىقەتچىلەر سىستېمىسىنىڭ نەسەبنامە جەدۋىلى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا ئاپاق خوجا 25 — ئەۋلات، «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ھاجى نۇر ھاجى) دا ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەت يۈسۈپ ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 — ئەۋلادى دەۋالدى دېيىلگەن تەرىقەتچىلەر تۈزگەن تەسەبنامىلار ئىچكى نەسەپ، تاشقى نەسەپ دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەنلىكتىن نەچچىنچى ئەۋلاد دېيىلگەنلىكىدە پەرق بار.

⑥ ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 201 — بەت.

⑦⑧ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 256 —، 290 — بەت.

⑨ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 201 — بەت.

⑩ «ئىمام جەئفەر سادىق ۋە ئىمام ئاسىم تەزكىرىسى»، (قول يازما) دىن.

⑪ ياقۇپ بېك — قوقەن خانلىقىنىڭ غەربىي ئەمەلدارى. 1865 — يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭغا تاجاۋۇز

قىلىپ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بېسىۋالغان. 1870 ـ يىلى تۇرپان، ئۈرۈمچىنى بېسىۋالغان ۋە ئاتالمىش «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى قۇرغان. 1876 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەنچىڭ خانلىقىنىڭ خان مۇپەتتىشى زو زۇڭتاڭ قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىرىپ 1878 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ياقۇپ بېك ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. ياقۇپ بېك زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى 13 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغان.

⑫ «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. ئۇيغۇرچە 644 ـ بەت.

## پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار

1. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي. ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

2. «دىۋان مەشرەپ»، تاشكەنت، ئالېكسىۋچ باسماخانىسى. تاشمەتبە. چاغاتاي يېزىقى.

3. ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي. ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

4. ئىمىن تۇرسۇن: «جۇشقۇن شائىر مەشرەپ»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» 1991 ـ يىل 6 ـ سان.

5. سەئىد فەييار مۇھەممەد (پاكىستان): «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

6. ھاجى نۇرھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

7. «ئىمام جەففەر سادىق ۋە ئىمام ئاسىم تەزكىرىسى»، ئاپتورى نامەلۇم قولىيازما.

8. خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە، رىۋايەتلەر.

※ ※ ※



## ئاپتور ھەققىدە

مەتقاسىم مەتنىياز. 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1962 ـ يىلى نىيا ناھىيىسىدە خىزمەتكە قاتناشقان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قاتارلىق خىزمەت ۋە ۋەزىپىلەردە بولغان. ھازىر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مۇھەررىرى: ياسىن زىلال

## بولماس

△ ياغاچسىز شال بولماس،
ھارام نەرسە مال بولماس.
△ تەنسىز جان بولماس،
ئەجىرسىز نان بولماس.
△ كۆچەتسىز باغ بولماس،
تاشسىز تاغ بولماس.
△ قېرىماي چال بولماس،
يېمەيدىغان گال بولماس.
△ سۇسىز شال بولماس،
باراڭسىز تال بولماس.
△ كۆچەتسىز تېرەك بولماس،
ئوقۇماي زېرەك بولماس.

تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن تۇرەك
(مەكىت ناھىيە شېھىتدۆڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق



# ھېكمەتلەر



△ جاھاندىكى ھەممە ئىشلار تەقدىرگە مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى يا ئىلگىرى يا كېيىن ياكى ئاز ياكى كۆپ قىلغىلى بولمايدۇ. بىر كىمنىڭ نام ئەمالىغا سائادەتمەنلىك سۈپىتى پۈتۈنگەنلىكى ياكى شۇملۇقنىڭ سەھىپىسى يېزىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن ئېھتىيات شەرتىنى بىجا كەلتۈرۈپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ۋاجىپتۇر.

△ نەپ ئالغىلى بولمايدىغان مال ــ ماللارنىڭ يامىنىدۇر. پۇقرالارنى باشقۇرۇشتا بىپەرۋالىق قىلىدىغان پادىشاھلار — پادىشاھلارنىڭ غاپىللىرىدۇر. زۆرۈرىيەت ۋە قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا دوستتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر — دوستلارنىڭ پەس ۋە يامىنىدۇر. ئۆز ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان خوتۇن خوتۇنلەرنىڭ ئەسكىسىدۇر.

ئانا ــ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن بويۇن تارتىدىغان پەرزەنت پەرزەنتلەرنىڭ يامىنىدۇر.

ئەمىنلىك ۋە ئەرزانچىلىق بولمىغان شەھەر ــ شەھەرلەرنىڭ يامىنىدۇر.

سۆھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ كۆڭلى ساپ بولمىغان ئولتۇرۇش سۆھبەتلەرنىڭ ناخوشراقىدۇر.

△ ھەر قانداق كىشى مۇنۇ بەش خىسلەتنى ئۆمۈرنىڭ سەرمايىسى ۋە يول جابدۇقى قىلسا، ھەر يەرگە بارسا غەرىزى ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۆزىگە ھەمسۆھبەت تېپىپ ئىززەتلىك بولىدۇ:

1 ــ بەدقىلىقلىقتىن يىراق بولماق. 2 ــ ياخشى ئىش قىلىدىغان بولماق. 3 ــ تۆھمەتخورلۇق ۋە ساختىپەزلىكتىن ساقلانماق. 4 ــ ياخشى خۇي مىجەزلىك بولماق. 5 ــ ھەممە ۋاقىتتا ئەل بىلەن ياخشى چىقىشماق ۋە ئەدەپ ساقلىماق.

△ ھەر كىشى ئۈچ ئىش قىلسا، ئۈچ ئەجىر تاپىدۇ:

1. زۇلۇم قىلسا ھالاكىتى يېقىن بولىدۇ.

2. خوتۇنلەر سۆھبىتىگە ھېرىس بولسا، رەسۋالىققا ئۇچرايدۇ.

3. يېمەك ــ ئىچمەككە تولا بېرىلسە، كېسەللىككە ئۇچرايدۇ.

△ ئالتە خىل كىشى ئالتە نەرسىدىن تاما ئۈزۈشى كېرەك:

1. زالىم پادىشاھ — ھاكىمىيەتنىڭ داۋام قىلىشىدىن.

2. تەكەببۇر كىشى — ياخشى ئاتالماقتىن.

3. بەتخۇي كىشى دوستى كۆپ بولۇشتىن.

4. بىئەدەپ كىشى يۇقىرى مەرتىۋە قازانماقتىن.

5. بېخىل — ياخشى بولماقتىن.

6. نەپسانىيەتچى — بىگۇناھلىقتىن تاما قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ھېرىس كىشىنى ھارام يولغا سالىدۇ. ھەرقانداق جايدا ھېرىس ئورۇن تۇتسا، ئۇ يەردىن راستلىق ۋە ئامانەت كۆچۈپ كېتىدۇ.

△ ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتىشىچە سەككىز نەرسە سەككىز نەرسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: خوتۇننىڭ ئىززىتى ئەر بىلەن، بالىنىڭ ئىززىتى ئاتا بىلەن، شاگىرتلارنىڭ ئەقلى ــ ھوشى ئۇستاز بىلەن، لەشكەرلەرنىڭ قۇۋۋىتى سەردار بىلەن، زاھىدلارنىڭ كارامىتى تەقۋادارلىق بىلەن پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكى پادىشاھ بىلەن، پادىشاھلىق ئىشىنىڭ نىزامى ئادىللىق بىلەن، ئادىللىقنىڭ روناق تېپىشى ئەقىل ۋە ھوشيارلىق بىلەن باغلىق بولىدۇ.

△ ئۈچ خىل كىشى ھەمىشە غەم ــ ئەندىشىگە ئەسىر بولىدۇ: 1. ھەمىشە يامان ئىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن كىشى. 2. قۇدرىتىنىڭ بارىدا ياخشى ئىش

قىلمىغان كىشى. 3. نادانلىق بىلەن ئويلىماي ئىش قىلغان كىشى.

△ غەزەپنى تەرك ئەتمەك ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئانىسى. ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى، ھەر ئىشقا لايىق ئادەم. ھەر جايغا مۇناسىپ سۆز بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى ئايرىم كىشىلەرلا قىلالايدۇ. بەزى چاغدا باشقا سۆزنى قىلسا ياراشمايدۇ.

△ پەقەت جاھىل كىشىلەرلا باشقىلارنى ئىزاغا قويىدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى بۇ كىشىلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى پايدا ۋە زىياننى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئازغۇنلۇق باياۋانىدا سەرگەردان بولۇپ ئۆز ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن غاپىل قالىدۇ. ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ھەرقانداق نەرسىنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئۆزى خالىمىغاننى باشقىلارغا تاڭمايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، يامانلىق قىلغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ھازىرچە جازاغا ئۇچرىمىغانلىقى بىلەن مەغرۇر بولمىسۇن، ئۇ ئاقىۋەت جازاغا ئۇچرايدۇ. ھەرقانداق كىشى ھەرقانداق ئۇرۇقنى ئەمەل يېرىدە تېرىيدۇ ۋە ئاقىۋەت ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدۇ. شۇڭا ياخشىلىق تىلىگەنلەر ياخشىلىق ئۇرۇغىدىن باشقىسىنى تېرىماسلىقى كېرەك.

△ ھۆكۈمالار شۇنداق دەيدۇ: دوست تۇتۇش توغرا كەلسە، ئۈچ تائىپىدىن دوست تۇتماق كېرەك:

1. ئالىم ۋە ئابىد كىشىلەر، بۇلارنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەرىكىتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ.

2. مەرت، ئەخلاقلىق ياخشى كىشلەر: ئۇلار يار - دوستنىڭ خاتاسىنى تۈزەيدۇ ۋە نەسىھەتنى ئايىمايدۇ.

3. زاتى پاك كىشىلەر غەرەزسىز ۋە تاماسىز بولۇپ، دوستلۇق بىناسىنى ساداقەت ۋە ئىخلاس ئاساسىغا قويىدۇ.

△ ئۈچ خىل كىشىنىڭ دوستلۇقىدىن پەرھىز قىلماق كېرەك.

1. پاسىق كىشىلەر ھىممەتسىز ۋە نەپسانىيەتچى كېلىدۇ. بۇنداقلارنىڭ دوستلۇق ھەم مۇھەببىتى نە بۇ دۇنيانىڭ، نە ئاخىرەتنىڭ رەھمىتىگە سەۋەب بولالمايدۇ.

2. يالغانچىلار، بۇلارنىڭ سۆھبىتى قاتتىق ئازاپ ۋە ئۈلپىتى چوڭ بالادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— يالغانچى مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس، — دېگەن ئىدى. يالغانچىلار سۆز توشۇيدۇ، يالغان - ياۋىداق خەۋەرلەرنى كەلتۈرىدۇ. پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇپ، كۆڭۈلنى خاتىرجەمسىز قىلىدۇ.

3. نادانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانمۇ، ياردەمگە ئېرىشىش جەھەتتىنمۇ يۆلەنگىلى بولمايدۇ. ئىشەنگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار پايدا يەتكۈزدۇم، دەپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا: «نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشىراق». چۈنكى، دۈشمەن ئەقىللىق بولسا، يىراقنى كۆزلەپ ئىش قىلىدۇ. پۇرسەت كەلمىسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ خۇي - پەيلىدىن ئىنتىقام ئەسىرىنى (نىيىتىنى) بايقىۋېلىپ، ئۆزىنى ئاسىراشقا بولىدۇ.

«ئەنۋارى سۇھەيلى» ناملىق فارسچە كىتاپتىن

تەييارلىغۇچى: **مۇختارجان ياقۇپ** (قاغىلىق تاشيول باش ئۇچاستىكا ئىتتىپاق كومىتېتى)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

## بېلىق بىلەن بېلىقچان

بىر كۆلچەكتە نۇرغۇن بېلىقلار ياشايدىكەن. چوڭ بىر بېلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەھوزۇر ئۈزۈپ يۈرىدىكەن، ئۇ ئاغزىنى ئاچسىلا نۇرغۇن كىچىك بېلىقلار ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھېچ كۈچىمەيلا ئۇلارنى يېۋېتىدىكەن.

بىر كىچىك بېلىق بۇنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن چوڭ بېلىققا:

— بۇ بەك تەڭسىزلىك بولدى، سەن نېمىشقا كىچىك بېلىقلارنى يەيسەن؟ — دەپتۇ.

چوڭ بېلىق ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

— ئۇنداق بولسا سەنمۇ مېنى يەپ باقساڭ قانداق؟

كىچىك بېلىق ئاغزىنى ئېچىپ چوڭ بېلىقنىڭ قورسىقىنى چىشلىۋاپتۇ، ئەمما بىر تال قاسىرىقىنىلا يۇلۇۋاپتۇ، يەنە كېلىپ ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ. چوڭ بېلىق گەپمۇ قىلماي كېتىپ قاپتۇ.

دۇنيادا ئەسلىدىنلا قانداقتۇر مۇتلەق تەڭلىك بولمايدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: **غۇپۇر قادىر**

مۇھەررىرى : **ئەسقەر مەخسۇت**

www.uyghurkitap.com



# تىككۈچى يىگىت

(چۆچەك)

ئىلگىرىكى زاماندا مىسىر شەھرىدە بىر پەقىر بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ پەقىر ئۆزىنىڭ ئېغىر تۇرمۇشلىرىدىن دۇنيانىڭ ھېچكىمگە ۋاپاسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ «ھازىر كۆزۈم ئوچۇق، تىرىك ۋاقتىمدا ئوغلۇمنى بىرەر ھۈنەرگە ئىگە قىلاي» دەپتۇ ـ دە، ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ھەربىر ھۈنەر ئادەم بالىسىغا لازىم نەرسە، ھۈنەر ئالتۇندىن ئارتۇق ھېسابلىنىدۇ! — دەپ ئوغلىنى بىر تىككۈچى ئۇستىغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. بىر نەچچە زاماندىن كېيىن بۇ بالا تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىپ بىر ياخشى ئۇستا بوپتۇ. مىسىر شەھرىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇستا تىككۈچى يوق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىگىتنىڭ دادىسى ۋاپات بوپتۇ. ئۇستا، مىسىر پادىشاھىنىڭ يېتىملارنىڭ ئۈستىگە سالغان زۇلمەتلىرىدىن قېچىپ چەت بىر سەھراغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ خۇپتەن نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بېرىپ تاۋاپ قىلىۋاتقىنىدا پۇتىغا قاتتىق بىر نەرسە تېگىپتۇ، قارىسا بىر كەمەر تۇرغان. يىگىت كەمەرنى ئېلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ. ناماز تۈگەپ يۇرت جامائەتلەر مەسچىتتىن چىقىپ ئۆي ـ ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، بىر غوجا قولىغا ئىككى تاشنى ئېلىپ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ:

— ۋاي مەن ئۆلدۈم! كىچىكىمدىن بېرى يىغقان دۇنيالىرىمنى كەمەر ئىچىدە ساقلاۋاتقانتىم، دۇنيايىم بىلەن كەمىرىمنى بىللە يوقاتتىم، — دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — كىمكى تاپسا كەمەر ئىچىدىكى دۇنيانىڭ يېرىمىنى بېرەتتىم! — دەپ قاقشاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تىككۈچى يىگىت «مەن ئاتامدىن ئايرىلدىم، ئاتام ماڭا باقى بولمىدى، كەمەر ئىچىدىكى دۇنيا ماڭا ھېچ ۋاقىتتا باقى بولماس، كەمەر قاقشاۋاتقان غوجىنىڭ بولسا ئۇنى يىغلاتماي بېرىۋېتەي،» دەپ ئويلاپ يۈگۈرۈپ غوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ھاي غوجىبېگىم، يوقاتقان كەمىرىڭىزنى مەن تاپتىم، ماڭا قانداق سۆيۈنچە بېرىسىز ؟! — دەپتۇ.

غوجا خۇشاللىقىدىن يىگىتنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ، يىگىت بېلىدىكى كەمەرنى غوجىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، غوجا كەمەرنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈش بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى تۆكۈپتۇ. تىككۈچى يىگىت قارىسا ھەرخىل ئېسىل تاشلار ئىكەن. غوجا بۇ تاشلارنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرۇپ:

— ئەمدى يىگىت يېرىمىنى مېنىڭ رازىلىقىم بىلەن ئالامسەن ياكى رازىلىقتىن باشقىنى ئالامسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ئۆزىڭىز رازى بولۇپ بېرىڭ، — دەپتۇ. غوجا يەنە يېرىمىنى ئىككىگە بۆلۈپ.

— مېنىڭ رازىلىقىم بىلەن ئالامسەن ياكى رازىلىقىمدىن باشقىنى ئالامسەن دەپتۇ.

يىگىت رازىلىقىڭىزبىلەن بېرىڭ دەپتۇ. خوجا تۆتتىن بىر بۆلىكىنى يەنە ئىككىگە بۆلۈپ:

بۇ بۆلىكىنى ئېلىشقا رازىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا راسا يوغان دۇئا بېرەيمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

مال پانىي نەرسە، ماڭا دۇئا كېرەك! بۇ مالدىن كەچتىم،— دەپتۇ. غوجا خۇشاللىقىدىن دۇئا قىلىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى سىپىشى بىلەن:

ھەي يىگىت، سەن ئۈچۈن ناھايىتى ئۇلۇغ دۇئا قىلدىم، ئەمدى بار، كېتىۋەرگىن، ئاخىرىتىڭ ئوچۇق بولسۇن،— دەپتۇ. تىككۈچى يىگىت غوجىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئويغا چۆمۈپتۇ «ئەگەر مەن مىسىرغا بارسام زالىم پادىشاھ كۈن كۆرسەتمەس. بۇ غوجا بىلەن بىللە باغدادقا كېتەي، — دەپ غوجىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ، ھاي غوجام مەن ھەم سىز بىلەن باغدادقا بېرىشنى تىلەيمەن. يولدا سىزگە خىزمەت قىلارمەن، قوبۇل ئېتىڭ ، —دەپتۇ. غوجا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ رازى بولۇپ يىگىت بىلەن يولغا چىقىپتۇ. يىگىت غوجىغا بىرنەچچە ئاي خىزمەت قىلىپ يول بېسىپ باغدادقا كېلىپ غوجىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن

غوجىغا مېنىڭ بۇنداق بىكاردىن بىكار تۇرۇشۇم بولماس. مېنىڭ تىككۈچىلىق ھۈنىرىم بار، ئەگەر ئۇستا تىككۈچى دوستىڭىز بولسا مېنى تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز، ماڭا بىرەر ئىش بەرسىكەن، — دەپتۇ. غوجىنىڭ بىر دوستى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ:

سىز بۇ يىگىتنى ئۆزىڭىزنىڭ يېنىدا ئېلىپ قالسىڭىز، بۇ يىگىت تىككۈچى،— دەپتۇ، دوستى يىگىتنىڭ ئۇستىلىقىنى سىنىماق بولۇپ، بىر كىيىم كېسىپ قولىغا بېرىپتۇ، مىسىر ئۇستىلىرى ئۇ يىگىتكە يېتەلمەس ئىدى، باغداد نەدىن يەتسۇن. يىگىت كىيىمنى تىكىپ ئۇستاز قولىغا بېرىپتۇ. ئۇستاز تىكىلگەن كىيىمنىڭ ئۇياق ـ بۇياقلىرىغا قاراپ يىگىتنىڭ ھۈنىرىگە زوقلىنىپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق تىكىلگەن كىيىملەرنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇستاز:

ھەي يىگىت، ئۇستازىڭغا ۋە ساڭا رەھمەت، — دەپ ئۇنى ئۆز يېنىدا قالدۇرۇپ قاپتۇ. يىگىتنىڭ تىككەن كىيىملىرىنى خەلق قىزىقىپ ئاپتۇ، ئۇستازىنىڭ ئۆيىدە ئىش تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ، يىگىتنىڭ «مىسىر ئۇستىسى» دېگەن داڭقى نۇرغۇن يەرلەرگە تارىلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇ بۇ يەردە ئىشلەپ تۇرسۇن، بىز سۆزنى ھېلىقى غوجىدىن باشلايلى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە غوجا بىلەن مەزلۇم ئارىسىدا نىزاغ باشلىنىپ غوجا ئاچچىقى بىلەن مەزلۇمنى «ئۈچ تالاق!» دەۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا بۇ ئىشقا بەك ئۆكۈنۈپ مەزلۇمنى قايتىدىن ئالماقچـى بوپتۇ، ئۆلىمالاردىن سورىغاندا «ياق بولمايدۇ، تەھلىلسىز ئېلىشقا بولمايدۇ، تەھلى كېرەك، — دەپتۇ، غوجا كىمگە تەھلى ئەتتۇرۇش كېرەك ئەمدى ؟ دەپ تۇرغاندا تىككۈچى يىگىت ئېسىگە چۈشۈپتۇ — شۇنىڭغا تەھلى ئەتتۇرەي، — دەپ ئۇنىڭ بىلەن مەزلۇمنى نىكاھتىن ئۆتكۈزۈپ كەچقۇرۇنلۇقى مەزلۇمنى بىر قاراڭغۇ ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. مەزلۇم بىر ھىيلە بىلەن ئوت ياندۇرۇپتۇ. بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەن ئاشىق بوپتۇ. ئاخىر مەزلۇم يىگىتكە قىممەتلىك ئېسىل تاشلار، ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كۆرسىتىپ:

ئەي جېنىم، بۇ مالنىڭ بارلىقى مېنىڭ ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان مىراسىم، غوجىدىكى بارلىق دۇنيالارمۇ مېنىڭ بولىدۇ، مۇمكىن بولسا ئەتە مېنىڭ خېتىمنى رۇخسىتىمنى بەرمەستىن ئۆزۈڭگە ھالال ئېتىپ ئالساڭ، بۇ دۇنيالارنىڭ بارلىقى سېنىڭ بولۇپ قالار ئىدى، ئەتىلىككە غوجا كېلىشتىن بۇرۇن سېنىڭ بىلەن قازىغا بارايلى، — دەپتۇ.

سەن «نېمە سەۋەبتىن بارىمىز، دېگىن! ئۇ ساڭا شۇندا، مەزلۇمنىڭ خېتىنى بەرگىن دەيدۇ» ، سەن «بىزدە مەزلۇمنىڭ خېتىنى بېرىش ناھايىتى چوڭ ئەيىـــب» ھېسابلىنىدۇ، دېگىن. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇ ھېچبىر سۆزمۇ قىلالمايدۇ — دەپ ئېيتقاندا، يىگىت، غوجىنىڭ كەمىرىنى تېپىپ بېرىۋەتكەندە غوجا كەمەر ئىچىدىكى ئېسىل ئالتۇن تاشلارنىڭ بىرىنىمۇ بەرمەستىن قۇرۇق دۇئا بەرگىنـى ئېسىگە چۈشۈپ، بۇ مەزلۇمنىڭ سۆزىگە كۆنۈپتۇ، ئەتىسى غوجا كېلىپ يىگىتتىن:

— مەزلۇمنىڭ رۇخستىنى بەرگىن،— دەپتۇ. يىگىت:

— مەزلۇم مېنىڭ. مەزلۇمغا رۇخسەت بېرىۋېتىش بىزدە بەكمۇ زور ئەيىب ھېسابلىنىدۇ، رۇخستىنـــى بېرىدىغان مېنىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ قالغان مەزلۇمۇم يوق! دېگەندە غوجا ھېچبىر سۆز تاپالماي:

— ھەي يىگىت بۇ قانداق سۆزۈڭ ؟! مەن سېنى توغرا ئادەم دەپ ئىشەنسەم نېمە ئۈچۈن قىلىنايسەن، — دېگەندە، يىگىت:

— ئىنسانىيەتلىــك سۆزدۇر! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

توپلىغۇچى: ئابابەكرى (باي ناھىيىلىــك كۇتۇپخانىدىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# نىگارىمنىڭ ياغلىقى

قاشلىرى قارا يارىم،
كۆزلىرى خۇما يارىم.
كۆڭلۈمدىكى ئاتەشكە،
بىر ئۆزۈڭ گۇۋا يارىم.

تۇزسەم تەمبۇر، غىجەكنى،
ماس كەلمىدى راۋاپقا.
كىممۇ كۆڭلىنى بەرسۇن،
مەندەك ھالى خارابقا.

گۈلنىڭ ياپرىقى چۈشسە،
سولاشقا ئىدۇدەپتىمەن.
يارىم كەتسە يامانلاپ،
ئويناشقاندۇ دەپتىمەن.

كەپتەر چۈشتى دانلاققا،
توخو قوندى قونداققا.
ياخشى يارنى خارلىغاچ،
تىرىك چۈشتۈم دوزاخقا.

ياتتىم خىلۋەت بۇلۇڭدا،
ماڭاي دېسەم يولۇم يوق.
مەن سېنى ئالاي دېسەم،
تويلۇق ئۈچۈن پۇلۇم يوق.

سەھەر ئۇچۇق ھاۋادا،
ئاق تورنىلار ئۇچۇشار.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
يۈرەك ـ باغرىم ئېچىشار.

تاۋۇزلىرىڭ پىشتىمۇ،
قولۇڭ بىلەن چېكىپ باق.
سەن ماڭا ئىشەنمىسەڭ،
يۈرىكىمنى يېرىپ باق.

دۆڭگە چىقىپ ئاڭلىدىم،
ئاخشام چالغان سىبىزىغىنى.
تاۋاپ قىلدىم كۆزلىرىم،
يولدا قالغان ئىزىڭنى.

كېچە كۆرگەن چۈشۈمدە
سېنى چۈشەپ قاپتىمەن.
ئاناڭدىنمۇ ئۇيالماي،
بىرنى سۆيۈپ قاپتىمەن.

دەزمال سىلىپ چىقاردىم،
سارجى شىمىنىڭ قىرىنى.
ئالتاي بولدى بىلمىدىم،
سەن يارىمنىڭ سىرىنى.

ئۆيدە قويۇپ كەپتىمەن،
ئاش كۆتۈرگەن قاچاڭنى.
ساڭا كۆيسەم نىگارىم،
سايە قىلما ئاچاڭنى.

يىگى سالغان ئايۋانغا
سالدىم تەگلىمات كىگىز.
يىگى تۇتقان يارىمنىڭ
بويى مەندىن سەل ئېگىز.

قايناق چاينى پۇھ دېمەي،
ئوتلاپ قالمىغىن يارىم.
ئاخشاملىققا مەن باراي،
ئۇخلاپ قالمىغىن يارىم.

ئالا كالاڭ سېغىندۇر،
ئىشىك ئالدىڭ ئېقىندۇر.
شۇنچە قىز ئارىسىدا،
ساڭا كۆڭلۈم يېقىندۇر.

شامال ئاچسا يۈزۈڭنى،
ھۆسنۈڭنى كۆرۈۋالسام.
تويدۇرماستىن لېۋىڭگە،
چوككىدە سۆيۈۋالسام.

چاي دەملىسەم ناۋاتتا،
ئىچمەستە سوۋۇپ قالدى.
ئاخشام بارسام ئۆيۈڭگە،
تام قوشناڭ تۇيۇپ قالدى.

يېڭى چۈشكەن خەمەكلەر،
يېگىلەپتۇ پەلەكتە.
سېرىق دېمەڭ رەڭگىمنى،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

توپلىغۇچى: ئابدىراخمان ساۋۇد
يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا مەدەنىيەت پونكىتىدىن
نۇرھانگۇل ئابدىرشىت
يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا كەلپىن مەركــــزى باشلانغۇچ مەكتەپتىن

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

سېنى دەپ كەلدىم بۇ يەرگە،
ئۆلمىدىم دەريا كېچىپ.
گاھى ئەقلىم بىلەن كەلدىم،
گاھى ئەقلىمدىن ئېزىپ.

قويچىباي قوي باقىدۇ،
ساھىپخان ئۆي باقىدۇ.
يارىڭىز كەپتۇ دېسە،
چىراغ تۇتۇپ ئىز باقىدۇ.
كەتتى يار كۆڭلى قارا،
كېتەمسەن يارىم دېمىدى.
چىنىگە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

قارا قاش كەتكەن بىلەن،
ئوت ـ پىراقى كەتمىدى.
مەن يارىمغا يىغلىسام،
ھالىمغا يارىم يەتمىدى.

قوي كېلەر قوزا بىلەن،
بىر ـ بىرىنىڭ ئىزى بىلەن.
قېينئانام قاچان كېلەر،
لەيلىخان قىزى بىلەن.

ھاۋانىڭ تۇتۇقلىقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلىقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يېنىمدا يارنىڭ يوقلىقى.

مەھەللىگىزگە بارغاندا،
قاۋاپ كەتتى ئىتلىرىڭ.
كۆينىكىمنىڭ پېشىنى،
يىرتىۋەتتى چىتلىرىڭ.

ئېيتىــــپ بەرگۈچىــــى: پاتىــــگۇل ئېزىز، ئايشەمگۇل ئېزىز
(قارا قاش زاۋا يېزا تۆگە توغراق كەنتىدىن)

توپلىغۇچى: ئۆبۇلقاسىم روزى
(قارا قاش ناھىيە 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# مەلىكە ۋە ئات

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ شەھىرى ئاۋات، پۇقرالىرى باياشات بولسىمۇ بىرەر پەرزەنتىنىڭ يوقلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، دائىم غەمكىن يۈرۈيدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر كىشى مۇنداق دېگۈدەك:

— ئەي پادىشاھ، زىندانىدىكى بارلىق گۇناھكارلارنى ئازات قىلغىن. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئىتىكاپتا ئولتۇرۇپ خۇدايى تائالادىن ئۆزەڭگە پەرزەنت تەلەپ قىلىپ يىغلا، خۇدايىم ساڭا پەرزەنت ئاتا قىلغۇسى. ھېلىقى كىشى سۆزىنى تۈگىتىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

پادىشاھ چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆرگەن چۈشىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپتۇ. ھەم چۈشىدىكى ئاقساقال كىشىنىڭ ئېيتقىنىدەك بارلىق گۇناھكارلارنى گۇناھىدىن كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئىتىكاپتا ئولتۇرۇپ، خۇدادىن ئۆزىگە پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەپ زار ـ زار يىغلاپتۇ.

خۇدايى تائالا پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ شەھەردىكى ئاجىز ـ نامراتلارغا مال ـ مۈلكىدىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىپتۇ.

پادىشاھ قىزىغا شۇنداق ئامراق ئىكەنكى، قىزىنى بىردەم كۆرمىسە كۆرگىسى كېلىپ تۇرالمايدىكەن. كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ قىز مەكتەپ يېشىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ داڭلىق ئۇستازلارنى چاقىرتىپ قىزغا دەرس ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەلىكە ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەمەس، ھۆسنى جامالىمۇ تەڭداشسىز يېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ تۇۋۇشىنى ئاڭلىغان قوشنا شەھەر پادىشاھلىرى شاھزادىلىرى ئۈچۈن مەلىكىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ قىزىنى قايسى شاھزادىگە ياتلىق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ مۇنداق بىر چارىنى ئويلاپ چىقىپتۇ. كىمكى قولۇپ سېلىنغان ئۆي ئىچىدىكى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇ شاھزادە ياكى قەلەندەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى، ئېيتىپ بېرەلمىسە نەخ مەيداندا كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپتۇ. نۇرغۇن شاھزادە ۋە پۇقرالار تەلىيىنى سىناش ئۈچۈن شەھەرگە يىغىلىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. شاھزادە ۋە پۇقرالارنىڭ كاللىسى ئېلىنىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن مەلىكە قاتتىق تىت ـ تىت بولۇپ بۇ سىرنى بىلىدىغان بىردىنبىر كىشى ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئانا، ئېيتىڭا، ئۇ ئۆيدە زادى نېمە بار؟ نەچچە كۈندىن بېرى بۇ ئۆيدە نېمە بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەن شاھزادە ۋە پۇخرالارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ قان تۆكۈلدى. سىز بۇنىڭدىن ئازابلانمىدىڭىزمۇ؟ زادى ئۇ ئۆيدە نېمە بار؟ ئانىسى جاۋاب بەرمەپتۇ. مەلىكە ئانىسىنى تەڭلىككە قويۇپ سوراۋەرگەچكە ئانىسى ئامالسىز قېلىپ، ئۇ ئۆيدە بۈرگە بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە پادىشاھنىڭ باغ ـ ۋارانلىرىنى سۇغۇرۇپ ھويلا ـ ئاراملىرىنى سۈپۈرىدىغان بىر چاكىرى تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغان ئىكەن، بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قاپتۇ. چاكار بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر ئېتى بولۇپ، پادىشاھ بۇ ئېتنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ ئاتنىڭ ئىسمى «گۈلدۈر-گۈپپاڭ شاخلىنىپ» ئىكەن. بۇ ئات ئىنسان

تىلىنى بىلىدىكەن، شۇڭا پادىشاھ نۇرغۇن ئىشلاردا ئاتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ تۇرىدىكەن.

مەلىكە ئانىسىدىن ئۆيدىكى سىرنى بىلىۋېلىپ ئارقا ھويلىدىن چىقىۋېتىپ، ئاتنىڭ قاتتىق كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېغىلغا يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ. ئات مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، بۇ سىرنى ئانىڭىزدىن سورىماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇس بولار ئىش بولدى. مەلىكەم سەل تۇرۇپ دادىڭىز سىزنى چاقىرتىپ سىزنى بىر چاكارغا بەرگەنلىكىنى، دادىڭىزدىن نېمە سورىسىڭىز شۇنىي بېرىپ، باشقا شەھەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭلار توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ. سىز دادىڭىزدىن مېنى تەلەپ قىلىڭ، دادىڭىز مېنى سىزگە بېرىدۇ. سىلەر بىردىن ئاتقا مىنىپ شەھەر سىرتىغا چىققاندا، سىز مېنى كۆچەپ بىرنى ئۇرۇڭ، مەن شۇ يۈگۈرگەنچە چاكارنىي تاشلاپ باشقا شەھەرگە بېرىپ جېنىمىزنى جان ئېتىمىز، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. مەلىكە ناھايىتى پەرىشان بولۇپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا دادىسىنىڭ چاقىرغانلىق خەۋىرى كېلىپتۇ. دادىسى مەلىكىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە:

— كۆزۈمنىڭ نۇرى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى ئىدىڭ! مېنىڭ خۇشاللىقىم، كۈلكەم سەن بىلەن ئىدى. مېنىڭ سەۋەنلىكىم بىلەن سەن بىر چاكارنىڭ قولىغا چۈشتۈڭ، مېنى كەچۈرگەيسەن، بۇ چاكار بىلەن بۇ شەھەردە تۇرىمەن دېسەڭ مېنىڭ بۇ شەھەردە يۈزۈم قالمايدۇ. سەن مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ ساڭا شۇنى بېرەي، سەن بۇ شەھەردىن كېتىپ، باشقا شەھەردە جېنىڭنى جان ئەت، — دەپتۇ. مەلىكە ئاتنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئاپتۇ-دە، گۈلدۈر - گۇپپاڭ شاخلىنىپ ئېتىنى تەلەپ قىلىپتۇ. پادىشاھ ئاتنى مەلىكىگە بېرىپتۇ. مەلىكە ئانىسى، دادىسى بىلەن خوشلىشىپ، چاكار بىر ئاتقا، ئۆزى بىر ئاتقا مىنىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. بۇلار شەھەر سىرتىغا چىققاندا مەلىكە ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە ئاتنى بىر ساۋىغان ئىكەن ئات ئۈچقاندەك چېپىپ چاكارنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولۇپتۇ. مەلىكە بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر چۆلگە كەپتۇ. ئات مەلىكىگە:

— مەلىكەم، ئەقىل - پاراسەت، ھۆسۈن - جامالدا تەڭداشسىزدۇرسىز، بۇ ھۆسنىڭىز بىلەن شەھەرگە كىرسىڭىز بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، شۇڭا ئەرەنچە ياسىنىۋېلىڭ، — دەپتۇ. مەلىكە ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە ئەرەنچە ياسىنىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. مەلىكە بىر يەرگە كەلسە بىر يىگىت ھوشسىز ياتقۇدەك. مەلىكە يىگىتنى يۆلەپ، سۇ ئىچكۈزگەنىكەن يىگىت ھوشىغا كەپتۇ، مەلىكە يىگىتتىن:

— سىز قانداقلارچە بۇ يەرگە كەپقالدىڭىز، — دەپ سوراپتۇ. يىگىت مەلىكىگە:

— مەن كۇسەن شاھىنىڭ شاھزادىسى، ئىسمىم سۇلتان، مەن بىر نەچچە يىگىتلىرىم بىلەن ئوۋغا چىققان ئىدىم. بىر تۈلكىنى قوغلاپ، سەپەرداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۇزۇق - تۈلۈكۈم تۈگىدى، ئېتىممۇ ئۆلدى. ئەگەر سىلەر كەلمىگەن بولساڭلار مەنمۇ ئۆلۈپ قالغان بولاتتىم، — دەپتۇ ۋە مەلىكىدىن:

— سىز قانداقلارچە بۇ يەرگە كەپقالدىڭىز، — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە تەمتىرىمەستىن:

— ئىسمىم ئەزىمەت، يۇرتىمىزدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ئاتا - ئانام، نۇرغۇنلىغان پۇقرالار ئۆلۈپ كەتتى. مەن باشقا يۇرتقا بېرىپ جېنىمنى جان ئېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، يولغا چىققىنىمغا بىر قانچە كۈن بولغان بولسىمۇ بىرەر شەھەرنى ئۇچراتمىدىم، — دەپتۇ. سۇلتان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، — كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، كۈن پېتىش تەرەپتە كۇسەن تەھرى بار. بىر قانچە كۈن ماڭساق يېتىپ بارىمىز. شەھەرگە بارغاندا ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرىمەن، سىز بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا - ئۇكا بولىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن يولغا راۋان بولۇپتۇ. بۇلار ماڭا - ماڭا بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى كۇسەن شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ۋەدىسى بويىچە «ئەزىمەت» بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپتۇ. شاھزادە ئەزىمەتنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى قۇتقۇزغان «يىگىت» تىن چەكسىز خوشال بولۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەزىمەت بىلەن سۇلتان بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئاكا - ئۇكا ئاغىنىلەردىن بولۇپ قېلىشىپتۇ.

ئەزىمەتمۇ خالىغان چېغىدا ئوردىغا كىرىپ ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىشتە، سۇلتان بىلەن بەسلىشىپ سۇلتاننى ھەر قېتىم يېڭىپ، كۆڭلىرى شاد ـ خورام ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتاننىڭ ئىنىك ئانىسى مەلىكىدىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ. ئىنىك ئانا قارىسا ئەزىمەتنىڭ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، تاماق يېيىشتىكى قىلىقلىرى بەئەينى قىز بالىغا ئوخشاش تۇرارمىش. ئۇ سۇلتاننى چاقىرىپ بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپتۇ. سۇلتان بۇ گەپكە قىلچە ئىشەنمەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سىيىشتىن بەسلەش، ئۇ سەندىن يىراققا سىيسە ئوغۇل بالا، كىيىملىرىگە سىيسە قىز بالا، — دەپتۇ ئىنىكئانا. بۇ گەپلەرنى ئەقىللىق ئات ئاڭلاپ قاپتۇ — دە، ئات قاتتىق كىشنەپتۇ. ئاتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەلىكە ئېغىلغا كىرىپتۇ. ئات مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، ئىنىكئانا سېنىڭ قىز ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ شاھزادىگە سەن بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سىيىشتە بەسلىشىشنى ئېيتتى. سەن ئۆزۈڭگە بىر قومۇشنى ھەمراھ قىلىۋال، بەسلەشكەندە سەن شاھزادىدىن يىراققا سىيىسەن، — دەپتۇ.

راست دېگەندەك، شاھزادە ئەتىسى مەلىكىنى ئۆرە تۇرۇپ سىيىشتە بەسلىشىشنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە قومۇشنى تۇتۇپ سىيگەن ئىكەن شاھزادىدىن يىراققا سىيىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىنىكئانا تېخىمۇ زەڭ سېلىپ قارىسا مەلىكىنىڭ قۇلىقى تېشىكلىك تۇرغۇدەك، ئىنىكئانا سۇلتاننى چاقىرتىپ:

— ئەگەر سەن ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسەڭ بۈگۈن كەچ ئۇنى ھاراق ئىچىشتە بەسلىشىشكە تەكلىپ قىل، ئۇ مەست بولۇپ يىقىلغاندا ئۇنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنىمۇ مەلىكىنىڭ ئېتى ئاڭلاپ قاپتۇ — دە، قاتتىق كىشنەپ مەلىكىنى چاقىرىپتۇ. مەلىكە ئېغىلغا كىرىپتۇ. ئات مەلىكىگە:

— بۈگۈن كەچ شاھزادە سەن بىلەن ھاراق ئىچىشتە بەسلەشمەكچى، سەن ھاراقنى قولۇڭغا ئالغىنىڭدا «گۈلدۈر ـ گۈپپاڭ شاخلىتىپ» دەپ ئىچكىن، سەن مەست بولمايسەن، — دەپتۇ. مەلىكە ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە ھاراقنى قولىغا ئالغاندا ئاتنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئىچىپتۇ. دېگەندەك مەلىكە مەست بولماپتۇ. شاھزادە خېلىلا مەست بولۇپ ئۆز ھالى بىلەن قالغاندا مەلىكە شۇ پۇرسەتتە ئېتىنى يوقلاپ ئېغىلغا كىرىپتۇ. قارىسا ئېتىنىڭ پەقەت ھالى يوق، توپىغا مىلىنىپ مەست بولۇپ ياتقۇدەك. مەلىكىنىڭ ئېتىغا ئىچى ئاغرىپ، قالغان رومكىلارنى گەپ قىلمايلا ئىچىۋېتىپتۇ. مەلىكە بىر نەچچە قەدەھ ئىچە ـ ئىچمەيلا مەست بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئىنىكئانا پۇرسەتنى تۇتۇپ مەلىكىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ شاھزادىگە خەۋەر قىلىپتۇ. بۇنىڭدىن شاھزادىمۇ ئىنتايىن خوشال بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق خوشال بوپتۇ ۋە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ شاھزادە بىلەن مەلىكە بىر-بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلماي بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شاھزادىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ بۇنىڭغا تارلىقى كېلىپ بۇ ئىككىسىنى ئايرىشنىڭ كويىدا بولۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە مەلىكە ئىككى قات بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھ ۋە شاھزادە بەك خوشال بولۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ مەلىكىنىڭ ئاي كۈنىمۇ يېقىنلىشىپ قاپتۇ. شاھزادە كىشىلەردىن ھامىلدار ئايال كىيىك گۆشى يېسە كىيىكتەك چىرايلىق يەڭگىيدۇ دېگەننى ئاڭلاپ، مەلىكە يەڭگىشتىن بۇرۇن كىيىك تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىمەن، — دەپ ئوۋغا مېڭىپتۇ. شاھزادە كېتىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئاي، كۈنى توشۇپ بىر جۈپ ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرۈپتۇ. شاھزادىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ مەلىكىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ مەلىكىنىڭ قوينىغا بىر جۈپ ئاسلاننى سېلىپ قويۇپ، بالىلارنى بىر چاكاردىن چۆلگە تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇپ ئارقىدىنلا شاھزادىگە مەلىكىنىڭ بىر جۈپ ئاسلان تۇغقانلىقىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆزى بېرىشتىن بۇرۇن مەلىكىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر يەتكەندە مەلىكە زار ـ زار يىغلاپ ئېتىنى ئېلىپ بۇ شەھەردىن ئايرىلىپتۇ.

مەلىكە يول يۈرۈپ ئىككىنچى كۈنى چۆلدە كېتىۋاتسا ھېلىقى چاكار بالىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. مەلىكە چاكاردىن بالىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ زار-زار يىغلاپتۇ. چاكار بالىلارنى چۆلگە تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي قايتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن. مەلىكە بالىلارنى باغرىغا بېسىپ چاكار بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. مەلىكە ماڭا ـ ماڭا بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك، سۇلىرى تۈگەپتۇ. بالىلارنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلىغۇدەكمۇ ھالى قالماي، ئاستا ـ ئاستا يىغىسى پەسلەشكە باشلاپتۇ. بالىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىمىغان ئانا، بالىلارنى باغرىغا بېسىپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ خۇدادىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئات زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي مەلىكەم، بىز ۋىدالىشايلى، مېنى سويۇپ تېرەمنى پارچە ـ پارچە قىلىپ، ھەربىر پارچىسىنى يەرگە تاشلىغىنىڭىزدا بۇيەر باغ بولسۇن، بۇ يەر بۇلاق بولسۇن، بۇ يەر ئۆي ـ ئىمارەت بولسۇن، — دەپ تاشلاڭ، شۇئان مەن شۇ نەرسىگە ئۆزگىرىمەن. گۆشۈمنى بالىلارغا پىشۇرۇپ بېرىڭ، بالىلار ئەقىل ـ پاراسەتلىك، قەددى ـ قامەتلىك ئەزىمەتلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ، — دەپتۇ — دە، مەلىكىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپتۇ.

مەلىكە ئاتنى قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلىغان بولسىمۇ نارەسىدە بالىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىماي ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغان ئىكەن دېگەندەك بىر شەھەر بىنا بولۇپتۇ. مەلىكە ئوغۇللىرى بىلەن بۇ شەھەردە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايمىز: شاھزادە شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، مەلىكىسىز تۇرمۇشقا كۆنەلمەي، ئەقىلسىزلىك قىلىپ مەلىكىنى قوغلاپ چىقارغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، مەلىكىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئاغرىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلانغان ھېلىقى چاكار ئىشنىڭ ھەقىقى جەريانىنى شاھزادىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ شاھزادە گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلغانلىقىدىن ناھايىتى ئازابلىنىپ، چوڭ خوتۇننى زىندانغا تاشلاپتۇ. ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن مەلىكە ۋە ئوغۇللىرىنى ئىزدەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

شاھزادە بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇزۇق ـ تۈلۈك سۇلىرى تۈگەپ ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ. دەل شۇ چاغدا شاھزادىنىڭ كۆزىگە بۈك ـ باراقسان بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە شەھەرگە ئاز قالغاندا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە مەلىكىنىڭ ئىككى ئوغلى ئوقيا ئېتىشىپ ئويناش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان ئىكەن. ئوغۇللار ھوشسىز ياتقان شاھزادىگە ئۇچراپ قاپتۇ. ئوغۇللار شاھزادىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە بىر كۆرۈپلا ئېرىنى تونۇپتۇ — دە، قاچىدىكى تاماققا ئوچاقتىن بىر نەچچە تال كۆمۈرنى ئېلىپ تاشلاپ، ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شاھزادە تاماقنى يەپ ئەڭ ئاخىرىدا قاچىدا قالغان كۆمۈرنى غاراسلىتىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن كۆمۈرنى يەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— بۇ يۇرتنىڭ ئادىتى ئوخشايدۇ دەپ يېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

— ئۇنداق ئەمەس، سىز ئۆز ۋاقتىدا ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەي ئايالىڭىزنى، ئۆز پۇشتىڭىزدىن بولغان ئوغۇللىرىڭىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىڭىز ئۈچۈن بۇ كۆمۈرنى قاچىڭىزغا سېلىپ بەردىم، — دەپتۇ مەلىكە.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ئايالى ۋە ئوغۇللىرىنى تاپقانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلىپ قويغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئايالى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆڭلى ئېرىپ ئوغۇللىرىغا بۇ كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ قالغان ئۆمرىنى خۇشال ـ خورام بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: روزىمەمەت پاسار
توپلىغۇچى: بۇخەلچەم روزى
مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىدىن تەرمىلەر

ئابدۇقادىر سادىر

ئۇيغۇرلار قەدىمى مىللەت بولۇپ، ئۆزىگە خاس مىللى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. مىللى مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى ئېسىل گۆھەرلەرنىڭ بىرى — ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنلىرىدۇر.

تارىختىن بۇيان، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، مەنىۋى ھاياتى جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنخۇمارلىق (مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە ھېرىسمەنلىك) پسىخىكىسىغا ئاساسەن ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەت، مىللى تۈس ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تالاي ـ تالاي خەلق ئويۇنلىرى ۋە ئويۇن تۈسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە تۈرلىرىنى كەشىپ قىلىپ، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىپ كەلدى.

خەلقىمىز ئىجاد قىلغان خەلق ئويۇنلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچە سەنئەت شەكلى ۋە ئۇسلۇبى، ئىجادچانلىق روھى چاقناپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن، بۇ ئويۇنلار بىزنىڭ مۇقەددەس مەدەنىيەت خەزىنىمىزدە، گويا ئېسىل بىر تىزلىق مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ ئويۇن تۈرلىرىدىكى مىللى ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەت، ئىپادىلەش شەكلى، ئىجتىمائىي قىممىتى قاتارلىق بىر قاتار تەرەپلەر مىللىتىمىزنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ماتېرىيال مەنبىئى بولۇپلا قالماستىن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مىللى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتىمۇ بەلگىلىك «خېمىر تۇرۇچ» لۇق قىممەتكە ئىگە.

خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بۇ ئويۇنلار شەكىل جەھەتتە خىلمۇ ـ خىلىقتا ئىگە بولۇپ، بەزىلىرى ئاممىۋىلىقتا، بەزىلىرى ئازچىللىق ـ يەككىلىككە ئىگە. يەنە بەزىلىرى چوڭلارغىلا خاس بولسا، بەزىلىرى باللارنىڭ ئۆزىگىلا خاستۇر. خەلق ئويۇنلىرى كۆڭۈل ئېچىپ ۋە تۇرمۇشتىكى زېرىكىش، غەم ـ غۇسسە، ئەمگەكتىكى ھارغىنلىقلارنى ئۇنتۇپ، ھاياتنى شاد ـ خوراملىق ئىچىگە باشلاپ كىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تۆۋەندە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرنەچچىسنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. چاي تۇتۇش ئويۇنى

«چاي تۇتۇش ئويۇنى» ئاساسەن، مەشرەپلەرگە كىرىشتۈرۈپ ئوينىلىدۇ. ئۇ، گويا ناھىيىسىنىڭ كىلىياڭ، سانجو قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ۋە دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل ئاممىۋى خاراكتېرلىق مەدەنىي پائالىيەتتۇر. بۇ خىل ئويۇن مەشرەپ داۋاملىشىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، مەشرەپ بېشى، ياكى مەشرەپ ئويۇشتۇرغۇچى ساھىپخان سورۇننىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، ئويۇن-كۈلكە تۈرلىرىنى خىلمۇ ـ خىللاشتۇرۇپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر پىيالە چاينى بىر كۈپلەت بېيىت بىلەن خالىغان بىرسىگە تۇتۇپ بېرىدۇ. چاينى قوبۇل قىلغۇچى پىيالىنى ئىككى قوللاپ ئېلىشقا تەمشەلگەندە، چاي تۇتقۇچى ئۇنى ئازدۇرۇپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن، مەسىلەن، سۇنغان چاينى قايتۇرىۋېلىپ، ئورنىدا بىر پىرقىرىۋېتىپ يەنە تەڭلەش، قولنى ئۇزاتقاندا چىننى قايتۇرىۋېلىش، قولنى قايتۇرىۋالغاندا يەنە ئۇزۇتۇش قاتارلىق قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن قارشى تەرەپنىڭ پىيالىنى ئېلىشىغا دەرھال ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئورنىدا تۇرۇپ بىر ئايلىنىپ قايتا چىنە تۇتۇشتا، قوبۇل قىلغۇچىمۇ بىر ئايلىنىپ، قايتا تازىم بىلەن قول ئۇزىتىشى كېرەك. بۇنداق چاغدا، چاي تۇتقۇچى يېرىم ئايلىنىپ، ياكى 90 گرادۇسلا بۇرۇلۇپ توختىۋالسا، چاي قوبۇل قىلغۇچى ئۇقۇشماستىن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە، ياكى يان بىلىگە قول ئۇزۇتۇپ قالىدۇ — دە، سورۇندا كۈلكە چىقىدۇ.

مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىملىق قىزىقچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، قارشى تەرەپ چاينى قولىغا ئېلىپ، چاي تۇتقۇچى ئېيتقان بېيىتنىڭ جاۋاب بېيىتىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چاينى ئىچىدۇ. ئەگەر

جاۋاب بېيىتنى قايتۇرالمىسا، يا ئۇسۇل ئويناپ بېرىدۇ يا بىرەر مەيدان قىزىقچىلىق قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ. ھېچنەرسە قىلالمىسا، ئۇنىڭ «جازاسى» سۈپىتىدە: «تامغا سۈرىتىنى تارتىش»، «توشقان تەپتى»، «داستىن تەڭگە سۈزۈش»، «پالتا – كۆتەك»، «بۇرنىنى شاپىلاغداش» قاتارلىق جازالار بېرىلىدۇ. ئاندىن چاي قوبۇل قىلغۇچى يېڭىباشتىن چاي قۇيۇپ، يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ يەردىكى «سۈرىتىنى تارتىش»، «توشقان تەپتى»، «تەڭگە سۈزۈش»، «پالتا – كۆتەك»، «بۇرنىنى شاپىلاغداش» قاتارلىقلار ئويۇن ئىچىدىكى ئويۇنلار بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قىزىقچىلىقى، سورۇن ئەھلىنى ھۇزۇرلاندۇرۇش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.

«تامغا سۈرىتىنى تارتىش» تا، جازالانغۇچىنى يالىڭاچلاپ، غولچىنى يايدۇرۇپ تامغا چاپلاشتۇرۇپ تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن، بىرەيلەن ئېغىزىغا سوغۇق سۇ ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ پۈركۈيدۇ. جازالانغۇچى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈركۈلگەن سۇنى ئۇنىڭ بەدىنى توسۇپ قالغان جايدا «سۈرىتى» قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۈلكە چىقىدۇ.

«توشقان تەپتى» دە، جازالانغۇچىنىڭ باش كىيىمى ئېلىۋېتىلىپ، بەلگىلەنگەن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئالقىنىنى جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ، ئوتتۇرا بارمىقىنى كەينىگە قايرىپ قويۇۋېتىپ، جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە ئۈچ قېتىم قاتتىق چېكىدۇ. بارماق قاتتىقراق تېگىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئاغرىش ھېس قىلدۇرىلىدۇ.

«تەڭگە سۈزۈش» تە، جازالانغۇچى ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، تىزلىنىپ، سۇ قۇيۇلغان داس ئىچىدىكى مېتال پۇلنى ئېغىزى بىلەن سۈزىدۇ. سۈزۈش بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، شۇنچە كۈلكە چىقىدۇ.

«پالتا – كۆتەك» تە، جازالانغۇچى «كۆتەك» بولۇپ، پەللىكنى چىقىرىپ ئېڭىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرەيلەن «پالتا» قىلىنىپ، ئىككى قول، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ «كۆتەك» بىلەن «پالتا» نىڭ پەللىكى سوقۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئويۇن بىر قەدەر قوپاللىراق بولۇپ، ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

«چاي تۇتۇش» ئويۇنى بەزى جايلاردا تاماكا چېكىدىغانلار ئارا «چىلىم تۇتۇش» يولى بىلەنمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، «چاي تۇتۇش» ئويۇنىنىڭ شەكلى ئادەتتە «پوتا تاشلاش» ئويۇنىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

## 2. «توپۇق» ئويۇنى

«توپۇق» — قوي – ئۆچكە قاتارلىق كىچىك چارۋىلارنىڭ ئارقا سان ئۇستىخىنىنى ئوتاشتۇرغۇچى بوغۇم ئارىلىقىدىن چىقىدىغان كىچىككىنە «تۇمار» شەكىللىك ئۇستىخان بولۇپ، بۇ ئويۇن ئەنە شۇ ئۇستىخاننى ۋاستە قىلىپ، ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوينىلىدىغان «ساداقەتلىكنى سىناش» خاراكتېرىدىكى بىر خىل ئويۇندۇر.

بۇ ئويۇن مەخسۇس ئويۇشتۇرۇلمايدۇ ۋە ئالدىن پىلانلانمايدۇ. پەقەت گۆش يېشىۋاتقان داستىخان ئۈستىدە قولىغا ئالغان گۆشتە توپۇق بارلىقىنى بىلگەن بىرسى، ئالغان گۆشنى يېمەستىن، ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن يېقىن بىر كىشىگە تۇتىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ مۇددىئاسى مەخپىرەك بولىدۇ. قارشى تەرەپ گۆشنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، گۆشنى بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىغا: «توپاق كەتتى» دەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە توپۇق بەرگەنلىكى بىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەتراپتىكىلەر گۇۋاھ بولغان بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قوبۇل قىلغۇچى ھېلىقى گۆشنى يەپ، توپۇقنى چىقىرىپ پاكىزە قىرىپ يېنىغا سېلىۋالىدۇ. ئارىدىن مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندە توپۇق بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىنى «ئۇنتۇپ قالدى» ياكى، «توپۇقۇم يېنىدا يوق» دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن: «توپۇقمنى بەرسىلە» دەپ تۇتىدۇ. بۇ چاغدا، قوبۇل قىلغۇچى شۇ مەيداندا توپۇقنى چىقىرىپ بېرەلىسە، قوبۇل قىلغۇچى يەڭگەن، بەرگۈچى يېڭىلگەن بولىدۇ. نەخمەيدانىنىڭ ئۆزىدە چىقىرىپ بېرەلمىسە، قوبۇل قىلغۇچى يېڭىلگەن، بەرگۈچى يەڭگەن بولىدۇ. ئويۇن تۇسىنىڭ قىزىقارلىق، ئۇشتۇمتۇتلىقىنى كۆزلەپ، توپۇقنى نەقلەشتۈرۈش ۋاقتى، شارائىتى، ئورنى ئالاھىدە پىلانلىنىدۇ. بەزىلەر كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا، بەزىلەر سۇغا چۆمۈلۈۋاتقاندا، ئىش قىلىپ، توپۇقىم يېنىدا يوق، دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنى سورايدۇ. لېكىن قوبۇل قىلغۇچىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئەشۇ مۆلچەرىگە قارشى توپۇقنى ئىمكانقەدەر يېنىدىن ئايرىماي، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى يوشۇرۇپ، قارشى تەرەپتە «توپۇقىم يېنىدا يوق» دېگەن خاتا سېزىمنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، توپۇق سۈيلەنگەن ھامان يا قايتۇرىلىدۇ، يا، ئېھتىياتسىزلىق، پەرۋاسىزلىق تۈپەيلىدىن يېنىدىن ئايرىپ قويۇپ ۋاقتىدا بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ

ئارىسىدا يېڭىش - يېڭىلىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. يېڭىش-يېڭىلىش ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن، يېڭىلگۈچى قارشى تەرەپكە مەخسۇس تەييارلىغان بىلەن زىياپەتلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئويۇندىكى تويۇق قەدىمكى زاماندا بىر توپاق (كالا) غا تەڭ بولۇپ، يېڭىلگەن كىشى بىر توپاق سويۇپ زىياپەت بېرىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئويۇن مۇھەببەتداشلار، ياكى ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولسا، يەڭگۈچكە مەلۇم نەرسىلەرنى سوغات قىلىش بىلەن شەرتى ئادا بولىدۇ. زىياپەت، مەشرەپ بېرىلمەيدۇ.

بۇ خىل ئويۇننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئەشۇ ئويۇن ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن دوست - بۇرادەر، ئەر - خوتۇن، مۇھەببەتداشلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، سېغىنىش، ياد ئېتىپ تۇرۇش ئىپادىسى سىنالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئويۇن ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئەستە ساقلاش، ھوشيارلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش، ئەھمىيىتىگە ئىگە.

### 3. «قوشماق ئاداش» ئويۇنى

«قوشماق ئاداش» — قوش مېغىزلىق ئۇرۇك مېغىزى بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن «تويۇق ئويۇنى» غا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئادەتتە بۇ ئويۇننى ئۇيغۇر يېزا بالىلىرى كۆپراق ئوينايدۇ.

ئۇ، ئادەتتە ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىپ، تەبىئىي «قوش كېزەك» چىققان ئىككى مېغىزنى ئىككى دوست بىردىن يەيدۇ. بۇنىڭ مەلۇم شەرتى بولۇپ (چوڭلار مەلۇم بىر ماددى سوغات ۋەدىسى بىلەن، بالىلار مەلۇم ساندىكى چېقىلغان مېغىز بىلەن) يېڭىلگۈچى يەڭگەن كىشىگە سوغات بېرىدۇ.

بۇ ئويۇندا يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ خىل شەكىل بولۇپ، بىرىنچى خىل مەلۇم ۋاقىت بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىت توشقان كۈنى قوشماق مېغىز يېيىشكەن ئىككى كىشى بىر - بىرىنى «ئەسسالامۇئەلەيكۇم قوشماق ئاداش!» دەۋىلىشى كېرەك. ئەشۇ سۆزنى كىم بۇرۇن دېۋالسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ. يېڭىلگۈچى باشتا قىلىشقان ۋەدىسىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، «ھەمۇ - ھە» نى شەرت قىلىپ ئوينىلىدۇ. بۇنىڭدا، قوشماق مېغىز يېيىلىپ بولغان مىنۇتتىن باشلاپ، تاكى ئاخىرقى دەمگىچە، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى قەستەن چاقىرىدۇ. چاقىرىلغۇچى تەرەپ «ھە» دەپ سالغان ھامان، چاقىرغۇچى «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قوشماق ئاداش!» دەپ ئۇنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى جاكارلاپ قويىدۇ. «ھە» دەپ سالغۇچى يېڭىلگەن بولۇپ، ۋەدىسىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچى نۇقتا، چاقىرىقىقا جاۋاب بېرىپ قويۇش بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئىمكانقەدەر «ھە» دېمەسلىككە ھەمدە قارشى تەرەپنى «ھە» دېگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، «قولمۇ - قول» دىن يېيىشىش بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش، قوشماق مېغىز يېيىلگەن مىنۇتتىن باشلاپ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ قولىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ سالماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىرى ئۇزاتقان بىرەر نەرسىنى ئېلىپ قالسا، نەرسە بەرگۈچى دەرھال: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قوشماق ئاداش!» دەپ نەرسە ئالغۇچىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى جاكارلايدۇ — دە، يېڭىلگۈچى شەرتىنى (ۋەدىسىنى) ئورۇنلايدۇ. بۇنىڭدىكى يېڭىش - يېڭىلىش، قارشى تەرەپ ئۇزاتقان نەرسىنى ئېلىش - ئالماسلىقتا ئايرىلىدۇ.

### 4. «چامغۇرچەك» ئويۇنى

بۇ، ئاساسەن ئۇيغۇر يېزا بالىلىرى كوللېكتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىن تاشقىرى مەلۇم ئىجتىمائىي تۈسمۇ بار.

بۇ ئويۇندا بىر توپ بالا بىر تال موما (دەرەخ ياكى تۇۋرۇك) نى نۇقتا قىلىپ، بىرسى ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. قالغانلىرى بىرىنىڭ بېلىگە بىرسى گىرە سېلىپ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، بىر گىرەلەشمە سەپ ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سەپ مەلۇم بىرەيلەننىڭ «چامغۇرلىقى» بولۇپ، يەنە بىرەيلەن «خاننىڭ ئەلچىسى» بولىدۇ.

«ئەلچى» سەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئاقساپ كېلىپ «چامغۇر ئېگىسى» دىن: «خاننىڭ قىزىنىڭ تويى بولۇپتىكەن، بىر باش چامغۇر بەرسۇن، دەيدۇ» دەپ سورايدۇ. «چامغۇر ئېگىسى» بەرمەسلىكنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ: «چامغۇر ئەمدى تۈت قۇلاق بولدى. باشلانغاندا كەلسىلە» دەيدۇ. «ئەلچى» ئاقسىغان پېتى قايتىپ كېتىپ، يەنە شۇ ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ ۋە بايىقى گەپنى تەكرارلايدۇ. «چامغۇر ئېگىسى» ئىمكانقەدەر بەرمەسلىكنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يەنە قايتۇرىۋېتىدۇ. كېلىپ - كېتىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، «چامغۇر ئېگىسى»: «ئوتاپ - سۇلاپ يۇلۇۋالسىلا» دەيدۇ. «ئەلچى» بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇنۇپ ئولتۇرغان پۇتىنى: «ئوتىدىم، سۇلىدىم، ئوتىدىم، سۇلىدىم...» دەپ تەكرارلىغىنىچە، بىر قېتىمدىن تۇتۇپ-سىلاپ چىقىدۇ. ئاندىن، ئاخىرقى بالىدىن («چامغۇر» دىن) باشلاپ «يۇلۇش» قا باشلايدۇ.

قۇچاقلىشىپ ئولتۇرغان باللاردىن كىمنىڭ قولى ئاجراپ كېتىپ «يۇلۇنۇپ» كەتسە، شۇ بالا ئاقساق ئەلچى بولۇپ، چامغۇر تىلەپ كېلىدۇ. باشقىلار يەنە «چامغۇر» بولۇۋېرىدۇ. ئويۇن تاكى باللار زېرىككىچە، باشقا ئويۇنغا يۆتكەلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

بۇ، بىر قەدىمى باللار ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇندا بىر تەرەپتىن «خان» دىن ئىبارەت ھۆكۈمران تەبىقەكىشىلىرىنىڭ دېھقانلارغا سالغان ئالۋاڭ — ياساقلىرى مەسخىرە قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن باللارنىڭ بىلەك كۈچىنى چىنىقتۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ. بۇ ئويۇننى دېھقان باللىرى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ۋە كۆپ ئوينايدۇ.

## 5. ئالارغىز ئويۇنى

بۇمۇ ئۇيغۇر باللىرى، خۇسۇسەن يېزا ـ قىشلاق باللىرى كۆپ ئوينايدىغان بىر خىل باللار ئويۇنى بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن «چامغۇر چەك» ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى، بىر توپ باللار بىرىسىنى «توپ بېشى» قىلىپ بەلگىلەپ، شۇ بالىدىن باشلاپ بىر ـ بىرىنىڭ پېشىنى تۇتقىنىچە ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. بىرىسى «ئالارمەن» بولۇپ ئالدىغا چىقىدۇ ۋە توپ بېشىدىكى بالىغا: «بالا، بالاڭنى نەگە ئاپىرىسەن؟» دەپ سوئال بېرىدۇ. توپ بېشى «سۇغارغىلى ئاپىرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئالارمەن: «مېنىڭ كۆلۈمدە سۇغارماسەن؟» دەيدۇ. توپ بېشى: «سېنىڭ كۆلۈڭدە نىجاسەت بارىكەن» ياكى «سۈيى پاسكىنىكەن» دېگەندەك قۇسۇرلارنى تاپىدۇ. ئالارمەن يەنە: «تۇنۇگۈن قەنت سېلىپ قويغان ئىدىمغۇ؟» ياكى «سۈيىنى يىگىلاپ قويغان ئىدىمغۇ؟» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدۇ. توپ بېشى بولسا، ئۇنى چۆككۈرۈپ، ئەتەي ئاچچىقى كېلىدىغان باھانىلارنى قويىدۇ. ئاخىرى ئالارمەن: «بالاڭدىن بىرنى بەرمەمسەن؟» دەيدۇ. توپ بېشى: «يامان بولساڭ ئالمامسەن؟» دەيدۇ. ئالارمەن توپ كەينىگە يۈگرەيدۇ. توپ بېشى قوللىرىنى كېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، توپ كەينىگە ئۆتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئالارمەن ئىككى يېنىدىن توپ كەينىگە «خىرىس» قىلىدۇ. توپ بېشى توسۇش ئۈچۈن ئىككى يېنىغا يۈگرەيدۇ. كەينىدىكى باللارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇياق ـ بۇياققا يۈگرەپ، پەش تۇتۇشۇپ تۇرغان باللار سېپىدە ئەگرى ـ بۈگرى ھالەت شەكىللىنىدۇ. باللار قېنىپ ـ قېنىپ كۈلىدۇ. ئالارمەن بىر ئامال قىلىپ سەپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، باللارنى بىر ـ بىرلەپ ئاجرىتىۋېلىشقا باشلايدۇ. ئېلىپ بولغانلىرىنى بىر ياقىدا قاتار ئولتۇرغۇزۇپ «ئۆتۈك تىكىش» كە سالىدۇ. باللار قول ھەرىكىتىنى ھەر خىل قوشاقلارغا ماس كەلتۈرۈپ، «ئۆتۈك تىكىش» نى دورايدۇ. ھەممە باللار ئاجرىتىۋېلىنىپ «ئۆتۈك تىكىش» كە قاتارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئالارمەن بىر باشتىن «ئۆتۈك ساتقان پۇل قېنى؟» دەپ سورايدۇ. «ماۋۇنىڭغا بەردىم» «بۇنىڭغا بەردىم» دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە دۆڭگەيدۇ. نۆۋەت ئاخىرقى بالىغا كەلگەندە: «ئۆتەك ساتقان پۇلغا خوتۇن ئالدىم» دەپ قويۇپ قاچىدۇ. باشقىلار بۆك ـ تۇماقلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۇرغىنىچە «باي ـ باي، باي....» دېيىشىپ قوغلايدۇ. قاچقان بالا مەلۇم دائىرىنى بىر ئايلىنىپ، ئەسلى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرىۋالغاندىلا ئۇرۇش توختاپ، ئويۇن قايتا داۋاملىشىدۇ. ياكى باشقا ئويۇنغا يۆتكىلىدۇ.

## 6. دۈم ـ دۈم ئويۇنى

بۇ ئويۇنمۇ باللار ئىچىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، باللارنىڭ زېھنى ئىقتىدارىنى چىقتۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

بۇ ئويۇننى ئادەتتە، ئۈچتىن ئارتۇق بالا بىر بولۇپ ئوينايدۇ. بىرىسى «ئاكا»، بىرىسى «بالا»، بىرىسى «قاغا» بولۇدۇ «قاغا» مۆكىدۇ، «ئاتا» «بالا»نى تىزى ئۈستىگە دۈم ياتقۇزۇپ كۆزىنى يۆگەيدۇ: «قاغا» مۆكۈپ بولغىچە، بالىنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك ـ يېنىك نوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئال ـ جاۋابنى ئورۇنلايدۇ.

— دۈم ـ دۈم!
— لەۋەي ـ لەۋەي.
— ئاناڭ نەدە؟
— ئاشخانىدا (بەزىدە «سامانلىقتا» دەيدۇ).
— نېمىش قىلىدۇ؟
— ئاش ئېتىدۇ.
— قېنى، ماڭا قويغان ئاش؟
— تام تۆپىسىدە قويسام، قاغا ئېلىپ قېچىپتۇ.
— ماڭ، قاغىنى تاپ!

«بالا» «قاغا» نى ئىزلەيدۇ. ئەگەر مۆككەن جايدىن ئۇنى تېپىۋېلىپ، تۇتۇپ كېلەلىسە، ئىككى ئورۇن ئالمىشىپ ئويۇننى قايتا باشلايدۇ.

«قاغا» تۇتۇق بەرمەي، «ئانا» قېشىغا كېلىپ ئولتۇرىۋالسا، ھېلىقى «بالا» داۋاملىق كۆزىنى يۆگەپ ياتىدۇ. «قاغا» داۋاملىق مۆكىدۇ. تۇتىۋالسا ئالمىشىدۇ. تۇتالمىسا، تاكى تۇتقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ئۈچ قېرىنداشلار

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، پادىشاھ قىزىنى ياخشى ئادەمگە ياتلىق قىلىشنى ئويلايدىكەن، ئەمما ئاتىسى قانچە سۆز — نەسىھەتلەرنى قىلمىسۇن، قىزى ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىكەن.

ئاتىسى ئۇنى زورلاشقا باشلاپتۇ. مەلىكە ئىلاجىسىز سۆزگە كۆنۈپتۇ — يۇ، ئەمما ناھايىتى ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ چىقىپتۇ. ئۇ، ئاتىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا چىقىدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكالىشنى تەلەپ قىلىپتۇ ۋە كىمكى ئوردا مەيدانىغا ئېسىپ قويۇلغان ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تاپالىسا، شۇنىڭغا تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ياخشى كۆرىدىغان بىر بۈرگىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ ناھايىتى سەمرىتكەن ئىكەن. بۇ بۈرگە يوغىناپ كەتكەن بولۇپ مەلىكە بۈرگىنى قەپەزگە سېلىپ ئوردا مەيدانىدا قويۇپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ ماقۇل بولغىنىغا بەك خوشال بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنياغا بۇ ئىشنى جاكارلاپتۇ.

ئاقسۆڭەكلەر، ئاددى خەلقلەر، ئېيتاۋۇر تۈرلۈك — تۈمەن كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن كېلىپ، ئوردا ئالدىغا توپلىنىپتۇ، ئەمما قەپەزدىكى مەخلۇقنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم تاپالماپتۇ. ئاخىرىدا، بىر جىن - ئالۋاستى بۇ سىرنى تېپىۋاپتۇ — دە، پادىشاھنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ، قىزى ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ پۈتۈن ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىمەن دەپ ئويلاپتۇ.

ياۋۇز ئالۋاستى مەلىكىنى نىكاھىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىنلا ئۇنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ، ئۇنى ئوردىدىن ئېلىپ چىقىپ، ناھايىتى چوڭقۇر يەر ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ بىچارە قىزنىڭ بىر كەپتىرىلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزى يەر ئاستىدا تۇرۇپ، تارتمىغان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى قالماپتۇ. ئۇ قۇياشنى ۋە ئادەملەرنى سېغىنىپتۇ، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كېلىپ يەر ئاستىدىن كىشىلەر ئارىسىغا چىقىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ ئاتىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى كەپتەرنىڭ پۇتىغا باغلاپ كەپتەرنى قويۇپ بېرىپتۇ.

كەپتەر قاناتلىرىنى قېقىپ ئۇچۇپ بېرىپ ئوردا مۇنارىغا قونۇپتۇ.

ئوردا خىزمەتچىلىرى كەپتەرگە قارىسا پۇتىدا بىر پارچە خەت تۇرغىدەك، ئۇلار بۇ خەتنى يېشىۋېلىپ ئوقۇپتۇ، كۆڭۈللىرى بەكمۇ پەرىشان بوپتۇ. قىزى ئۇچۇن قايغۇرۇپ يۈرگەن پادىشاھ قىزىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن تولغان خېتىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ.

پادىشاھ مەملىكەتتىكى بارلىق كاتىپلارنى چاقىرىپ خەتنى ئۇلارغا كۆرسىتىپتۇ، ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن، قىزنى تېپىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا بىر موماي ياشايدىكەن، ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىكەن. بۇ يەتتە ئوغۇل دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ساياھەت قىلغان ھەم، بىر مۇنچە ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ كەلگەن ئىكەن: چوڭ ئوغۇل ئۇچالايدىكەن؛ ئىككىنچى ئوغۇل كالتەك ئوينىتىدىكەن؛ ئۈچىنچى ئوغۇل ناھايىتى تۈيغۇن بولۇپ، يەر ئاستىدىكى ھەرىكەتلەرنىمۇ ئاڭلىيالايدىكەن؛ تۆتىنچى ئوغۇلنىڭ شۇنداق كارامەت بىر كالتىكى بار ئىكەنكى، ئۇنى ئۇرغان يەردە بىر ئوردا پەيدا بولىدىكەن؛ بەشىنچى ئوغۇل يەر - جاھاننى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرالايدىكەن؛ ئالتىنچى ئوغۇلنىڭ بىلەكلىرى ئاسماندىن چۈشكەن ھەرقانداق نەرسىنى تۇتۇۋالالايدىكەن، يەتتىنچى ئوغۇل يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىلا ئەمەس، يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىكەن.

موماي پادىشاھنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى ئاڭلاپ، ئەگەر مېنىڭ ئوغۇللىرىم ئۆملۈشۈپ پادىشاھنىڭ قىزىنى

ئىزدەيدىغان بولسا، چوقۇم تاپالايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن موماي ئۆزىنىڭ يەتتە ئوغلىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سۆيۈملۈك ئوغۇللىرىم، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، ئاندىن بىرلىكتە چىقىپ پادىشاھنىڭ پىشكەللىكتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ ۋە كەپتەرنى ھاۋاغا قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇچىشىغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

كەپتەر ئالغا قاراپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئاخىرى، ئورمانلىق ئىچىدىكى كەڭ بىر بوشلۇققا كېلىپ قونۇپتۇ، قاناتلىرىنى قېقىپ، گويا يېتىپ كەلدۇق دېگەندەك قىلىپ، تومشۇقى بىلەن يەرنى چوقۇپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈر قولاقلىق ئۈچىنچى ئوغۇل قولىقىنى يەرگە يېقىپ، مەلىكىنىڭ يەر ئاستىدا پەريات چېكىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

قېرىنداشلار مەلىكىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن خوشال بولۇشۇپتۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈستىدە ئويلۇنۇشقا باشلاپتۇ.

يەتتىنچى ئوغۇل، يەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىقىچە قاراپ، پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بەشىنچى ئوغۇل دەرھال كېلىپ يەتتىنچى ئوغۇل كۆرسەتكەن ھېلىقى يەرنى يەلكىسگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى توپلاپ يىراققا ئېتىپ تاشلاپتۇ. ئالتىنچى ئوغۇل قولىنى ئۇزۇتىپ، پادىشاھنىڭ قىزىنى تۇتۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەتتە قېرىنداش مەلىكىنى ئېلىپ قايتىپتۇ.

ياۋۇز ئالۋاستى قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنى قوغلاپ كېلىپ، شۇنداق ئىسسىق ھاۋا پەيدا قىلىپتۇكى، نەپەس ئالماق بەكمۇ قىيىنلىشىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزى بۇنىڭغا چىدىيالماي «ۋايجان، ۋايجان ئىسسىقتىن ئۆلەي دېدىم!؟» دەپ ۋاقىراشقا باشلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا تۆتىنچى ئوغۇل ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك تايىقىنى يەرگە بىر ئۇرۇپتىكەن، دەرھال بىر ئوردا پەيدا بوپتۇ، ئۇلار ئەنە شۇ ئوردىغا كىرىۋېلىپ، ئىسسىقتىن قوتۇلۇپتۇ.

ياۋۇز ئالۋاستى ئوردا ئالدىغا كېلىپ:

ئوردىغا كىرگۈزۈپ قويۇڭلار، مەلىكىنى بىر كۆرۈۋالسام، دەپ يالۋۇرۇپتۇ، ئەمما يەتتە قېرىنداش ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى قۇۋلۇق قىلىپ «خوتۇنۇمنىڭ بىر بارمىقىنى بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالسام» دەپ ئۇزۇنغىچە يالۋۇرۇپتۇ. قېرىنداشلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، مەلىكىنىڭ بىر بارمىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. كۈتۈپ تۇرغان ئالۋاستى مەلىكىنىڭ بارمىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، سۆرەپ چىقىپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى ئوغۇل كالتىكىنى بىر ئاتقان ئىكەن، ئالۋاستىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلۇپتۇ، بۇ چاغدا چوڭ ئوغۇل ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ، خېلى ئۇزۇن ئىزدەپ مەلىكىنى بىر بۇلۇتنىڭ ئىچىدىن تېپىپتۇ. ئۇلار خوشال ـ خورام پادىشاھنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۆز قىزىنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بوپتۇ، بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ياساۋۇللارغا يەتتە قېرىنداش بىلەن مەلىكىنى قارشى ئېلىش ھەققىدە پەرمان بېرىپتۇ.

كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ پادىشاھ بىلەن بىللە خوشاللىق تەنتەنىلىرى قىلىپتۇ، مەلىكە يەتتە قېرىنداش ئىچىدىن ئوردا بىنا قىلالايدىغان يىگىتنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەرھال توي بوپتۇ، بۇ ئىككى ياش خۇشال ـ خورام تۇرمۇش كۆچۈرۈپتۇ.

توپلىغۇچى: **تاجىگۈل**
مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# رىۋايەتلەر

## قوملانجۇدىكى خاسىيەتلىك دەرەخ

تۇغلا ۋە سېلىنىگا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا « قوملانجۇ » دېگەن بىر جاي بار ئىكەن. بۇ يەردە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەنىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ دەرەخلەرنى مۇقەددەس ھېسابلاپ ئۆزىگە تۇتېم قىلىپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا يىراقتىن كەلگەن بىر سودا كارىۋىنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. بىر يىگىت قېچىپ قۇتۇلغاندىن باشقا سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ھېلىقى يىگىت تۆگىلىك قوملۇقتا ئېزىپ يۈرۈپتۇ ۋە ئاخىرى قوملانجۇ دېگەن قۇم دېڭىزىنىڭ ئىچىدىكى بوستانلىققا يېتىپ كەپتۇ. ھېرىش ۋە چارچاشتىن ھوشسىزلانغان يىگىت كۆڭلىدە ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ چۆلدە سەپەر قىلىدىغانلارغا بوستانلىقتىن نىشان بەرگۈچى ئىگىز ۋە باراقسان بىر تۈپ دەرەخكە ئايلىنىشنى تىلەپتۇ. دەرۋەقە يىگىت ئۆلۈپ، ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان جايىدىن بەھەيۋەت دەرەخ بولۇپ ئۆسۈپتۇ. يىگىتنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ كارىۋانلار بىلەن ئىزسىز يوقالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قۇم دەشتىدىن يالغۇز ئېرىنى ئىزدەشكە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ قوملۇقتا مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ دېگەندەك ئاخىرى ھېلىقى دەرەخنى كۆرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئېرىگە تىكىپ بەرگەن گۈللۈك كالتە جۇۋا دەرەخ ئاچىسىغا كەيدۈرۈكلۈك تۇرغۇدەك. ئۇ گويا دەرەخنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىدەك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال دەرەخنىڭ ئىرىنىڭ روھ ۋە تېنىدىن ئۈنۈپ چىققانلىقىنى بىلىپتۇ. دەرەخنى قۇچاقلاپ ھەسرەت يېشى تۆكۈپتۇ ۋە يەتتە كېچە - كۈندۈز يىغلىغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ بىر تۈپ دەرەخكە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. قوملانجۇدىكى بىر جۈپ يانداش ئۆسكەن دەرەخ ئەنە شۇنداق يارالغان ئىكەن.

يەنە ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ. چۆلدىكى دەھشەتلىك قۇم - بوراندا ئېزىپ يۈرگەن بىر تۆگە كارۋىنى يىراقتىن بۇ بىر جۈپ دەرەخنى كۆرۈپ، چۆلدىكى بوستانلىققا ئۇلىشىۋاپتۇ — دە، ئامان قاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە نىجاتلىق ئېلىپ كەلگەن بۇ بىر جۈپ دەرەخكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆجە يېقىپ باش ئۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئىككى دەرەخ جېپىسلاشقان نوقتىدىكى بىر يۇچۇقتىن بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. يولۇچىلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا گويا چېدىر ئۆيگە ئوخشايدىغان بەش كىچىك خانە تۇرغۇدەك، ھەر - بىر خانىنىڭ تورۇسىغا بىردىن كۈمۈش تور ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن بوۋاق ئولتۇرارمىش. بۇ كارامەتنى كۆرگەن كارۋانبېشى دەرھال ئادەملەرنى چاقىرىپ دەرەخلەرنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى كاماردىن بەش بوۋاقنى تارتىپ چىقىرىپتۇ ۋە ئۇلارنى تۆگە سۈتى بىلەن بېقىشقا باشلاپتۇ.

بەش ئوغۇل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنى سوراپتۇ. بوۋاقلارنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇيغۇرلار ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاياللىرىنى ئېلىپ، دەرەخنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېلىپ باش ئۇرۇپتۇ ۋە بۇ يەردە ماكانلىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ بىر جۈپ دەرەخنى ئۆز قەبىلىسىگە تۇتېم قىلىپ كۆپىيىپ، گۈللەپ - ياشناپتۇ.

## قاپاقتىن تۇغۇلغان قەبىلە

لاخۇ مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولغان كۇسۇگلۇقلار قاپاقنى تۇتېم قىلغان بولۇپ، ئۇلار قاپاقنى ئەجدادىمىز ۋە قوغدىغۇچى ئىلاھىمىز دەپ ئاراپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قىزلار گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى قىلىشقان. كۇسۇگ

يىگىتلىرى جۈرە تاللىغاندا قىزلارنىڭ كۆكسى، قورسىقى ۋە سۆڭگىچىنىڭ قاپاقتەك تولغان بولۇشىنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇلارچە بۇ تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ۋە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ ئالامىتى ئىكەن. ھەتتا ئۇلار بالىلىرىغا ئىسىم قويغاندىمۇ قاپاق خىتى كېلىدىغان ئىسمنى تاللاپ، توي قىلغاندىن كېيىن خۇددى قاپاقتەك كۆپ نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولۇپ، قەبىلىسىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. كۇسۇگلۇقلار بالىلىرىنىڭ قولىياغلىقى ۋە كىيىملىرىنىڭ ياقىلىرىغا قاپاق ئۇرۇقلىرىنى قاداپ، ئۇلارنى يامان كۆز ھەم كېسەلدىن خالى قىلىشتا تۇمار ئورنىدا پايدىلىنىدىكەن. ھەر ـ بىر ئائىلە قاپاقنى روناق تېپىشنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشكلىرىگە ياكى ھويلا تۇۋرۇكلىرىگە ئېسىپ قويىدىكەن. ئىشكىنىڭ ئالدىغا ئەللىك قاپاق تۆت دۆۋە قىلىپ تىزىپ قويۇلسا، ئۇ، بۇ ئائىلىنىڭ باي ـ باياشادلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۇلار سەپەرگە چىققاندا قاپاقتىن سۇدان ئورنىدا پايدىلىنىدىكەن. ئېقىن ـــ سۇغا يولۇققاندا قاپاقتىكى سۇنى تۆكمۈۋېتىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ لەيلىتىش ئارقىلىق ئېقىندىن بىخەتەر ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھاياتلىقنى قۇتقازغۇچى شار ئورنىدا پايدىلىنىدىكەن.

قىسقىسى، كۇسۇگلۇقلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر ـ بىر تەرىپىدە قاپاقتىن ئايرىلمايدىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشچە، توپان بالاسىدا يەر شارىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ بىر ئوغۇل بوۋاق ئامان قاپتۇ. توپان قايتقاندىن كېيىن بىر تاغ ئۆڭكۈرىدىن ئاۋۋال زەھەرلىك يىلان، ئاندىن چايان، بۆرە، يولۋاس، ئېيىق قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار چىقىپتۇ، ئېچىرقاپ كەتكەن يىرتقۇچ ھايۋانلار بالىنى كۆرۈپ سۆرەن سېلىشىپ ئېتىلىپ كەپتۇ ۋە بالىنى تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تاغ باغرىدىن بىر دانە يوغان قاپاق دومىلاپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا چاققانلىق بىلەن قاپاقنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ ۋە قاپاقتىكى ئىككى تال ئۇرۇقنىڭ بىرسى ئۇنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىۋاپتۇ. يىرتقۇچلار بالىنىڭ قاپاققا كىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تالىشىشتىن توختاپ قاپاقنى چىشلەشكە باشلاپتۇ. لېكىن ئۇلار قانچە قىلسىمۇ قاپاق دومىلاپ كېتىپ چىشلىيەلمەپتۇ. يىلان بىلەن چايان قاپاقنىڭ ئېغىزىدىن كىرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇقلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ مەھكەم تۇرىۋاپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئامان قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىر ئۇرۇق دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنلۇك ۋاقىرىغانىكەن گويا بومبا پارتىلىغاندەك ئاۋازدىن، بەزى يىرتقۇچلار ئۆلۈپ تىتىما ـ تىتىما بولۇپ كېتىپتۇ. يەنە بەزىلىرى قورۇققىنىدىن ئورمانلىققا بەدەر تىكىۋېتىپتۇ ۋە قايتا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. بالا قاپاقتىن چىقىپ، قېلىپ قالغان بىر تال ئۇرۇقنى كۆكلىكىگە تېرىغان ئىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي يوغان بىر قاپاق چۈشۈپتۇ. بىر كېچىسى بالا ياڭراق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆكلىكىگە سىنچىلاپ قارىغانىكەن، قاپاق ئىچىدىن بىر گۈزەل قىز چىقىپ كېلىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپتۇ ۋە ئىنسانىيەت قايتىدىن كۆپىيىپتۇ.

## كەپتەر قوۋانغان خەلق

قەدىمكى ماۋارائۇننەھىر مەدەنىيىتى تارىخىدا مەشھۇر ئاسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە تۇتىشىپ، بابىل مەدەنىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرنى ياراتقان.

رىۋايەت قىلىنىشچە، ئاسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى سېمىلامىس ئىسىملىك بىر ئايال پادىشاھ بولۇپ، ئۇ كەپتەر بەدەنلىك بولغاچقا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن روھى كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئاسۇرىيىلىكلەر بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، كەپتەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ تۇتىمى قىلىپتۇ. بابىلدىكى ئالەمگە مەشھۇر «بوشلۇقتىكى باغچا» نى كەپتەرنى تۇتېم قىلغان خەلق ئايال پادىشاھنىڭ ئاسماندىكى ساياھىتى ئۈچۈن ياسىغان ئىكەن. (ئەمەلىيەتتە بوشلۇقتىكى باغچىنى بابىل پادىشاھى نىبجىنىس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە خانىش مىتا ئۈچۈن بەرپا قىلغانمىش. ھازىرغىچە ئاسۇرىيىلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يىلدا بىر قېتىم مۇقەددەس كەپتەر بايرىمى ئۆتكۈزۈپ ئۆتمۈشتىكى ئىنسانىيەتنى مەپتۇن قىلىدىغان تۇتېم مەدەنىيىتىنى

ئەسلەيدىكەن ۋە تۇتېم ئىلاھى بولغان كەپتەردىن ئۆز قەۋمىنى روناق تاپقۇزۇشنى تىلەيدىكەن.

ئېيتىلىشىچە، ئەرشتە دېركوت ئىسىملىك بىر ئىلاھىيە بولۇپ، ئۇ قۇياش ئىلاھىغا ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز قۇياش ئىلاھىنى قوغلىشۇپلا يۈرگەچكە قۇياش ئىلاھى ئۆز ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ ئىلاھىيىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خالىغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ شەكلىگە ئايلىنالايدىغان بىر كەپتەرنى ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال تېپىشقا ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلاھىيە ھامىلدار بولۇپتۇ. ئۇ دەسلەپتە كەپتەردىن ھامىلدار بولغانلىقىنى بىلمەي بالىنى قۇياش ئىلاھىنىڭ بالىسى، ئۆزىنى بولسا ئۇنىڭ ئايالى دەپ كۆرەڭلەپ ئالەمگە پاتماي قاپتۇ. كىم بىلسۇن، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن قارىسا ئۇ ئۈسكىلەك پەيلىك كەپتەر سىياقىدىكى قىز مىش. ئىلاھىيە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ خىجىل بولۇپتۇ. بالىنى تاشلىۋېتىپ ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولۇپتۇ. قۇياش ئىلاھى بولسا قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلىپ بالىنى قۇياش مۇنچىسىدا يۇيۇپ، ئۇنىڭ كەپتەر تۈكلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن كەپتەر ئىلاھى ئارقىلىق يۈز دانە ئاق كەپتەرگە ئۇنى بېقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. كەپتەرلەرنىڭ بېقىشى نەتىجىسىدە سېمىرامىس تەڭداشسىز بىر گۈزەل بولۇپ يېتىلىپتۇ. بابىل پادشاھى نىروس ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ توقاللىققا ئالماقچى بوپتۇ. ئەمما سېمىرامىس خانىش بولۇش شەرتىنى قويۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. چۈنكى قەدىمكى بابىلنىڭ ئادەت قانۇنىي بويىچە خانىش چوقۇم يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى كېرەك ئىكەن. سېمىرامىس بولسا تاشلىۋېتىلگەن يېتىم قىز. سېمىرامىس پادشاھ جەمەتىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بانا ـ سەۋەبلىرىنى ئۇققاندىن كېيىن «بۇنى ھەل قىلماق ئوڭاي، قۇدرەتلىك بىر ئارمىيە تەشكىللەپ ئاقسۆڭەك بولىمەن» دەپ قەسەم قىلىپتۇ. ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پادشاھ نىروسنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىپتۇ.

يۈز دانە ئاق كەپتەرنىڭ ياردىمىدە سېمىرامىس ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ، ھەر قېتىملىق جەڭدە زەپەر قۇچۇپتۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قايىللىقى بىلەن ئاقسۆڭەك بولۇپ، خانىشقا ئايلىنىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادشاھ ئۆلۈپ ئايال پادشاھ بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سېمىرامىس مىتا، ئېفوفىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ قۇدرەتلىك ئاسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپتۇ. ئايال پادشاھنىڭ قوماندانلىقىدا ئاسۇرىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللىنىپتۇ. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ ئايال پادشاھ يۈز يىل ياشىغانمىش. ئۇ يۈز ياشقا تولغان ئەتىگىنى يۈز دانە ئاق كەپتەر ئوردا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپتۇ. قۇياش كۆتۈرۈلگەندە بولسا ئۇ ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ، يۈز كەپتەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

## دۆلەت ھايۋىنى كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىك

نېپالنىڭ دۆلەت گېربىغا كاككۇكگۈلى بىلەن سېرىق كالىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدىكى سېرىق كالا نېپالنىڭ دۆلەت ھايۋىنى بولۇپ، ئۇ ئىلاھى مۇقەددەس كالىنىڭ سىمۋولى ئىكەن. ھەر يىلى 8 ـ ئايدا نېپال خەلقى يەتتە كۈنلۈك كالا بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ. بايرامدا كىشىلەر قىزىل، يېشىل رەختلەر بىلەن بېزەلگەن سېرىق كالىنى يېتىلەپ، ياڭراق دۇمباق ئاۋازى ئىچىدە شەھەرنى ئايلىنىپ نامايىش قىلىدۇ.

نېپاللىقلار كالىنى تۇتېم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كالا پاك، مۇقەددەس. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە، باغلاپ قويۇشقا، گۆشىنى يېيىشكە بولمايدىكەن. كالىنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنى ئىشلىتىشكە، ھەتتا ئۇنى ساپانغا قوشۇشقىمۇ يول قويۇلمايدىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇگۈنكى كاتماندۇ شەھىرىنىڭ ئورنى قەدىمدە چەكسىز ئورمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېپاللىقلارنىڭ ئەجدادى بولمىش بىر چوپان ياشايدىكەن. بىر كۈنى چوپان ھاراق ئىچىپ مەسچىلىكتە ھەممىدىن جىق سۈت بېرىدىغان كالىنى قامچا بىلەن تازا ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە كالا سۈتىنى توختىتىپ، ئارقانىنى ئۈزۈپ، تاغ ئورمانىنىڭ ئىچىگە قاراپ قېچىپتۇ. چوپان كالىنى قوغلاپتۇ

ۋە ئىنتايىن يىراقتا كالىنىڭ بىردىنلا توختىغانلىقىنى ۋە ئەمچەكلىرىدىن سۈتىنىڭ خۇددى تاغ بۇلاقلىرىدەك شاقىراپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. چوپان بۇنىڭدىن بەك ھەيرانلىققا چۆمۈپتۇ. كالىنىڭ سۈتى چۈشكەن يەر ئويۇلۇپ، كالا يەر ئاستىغا غايىپ بولۇپتۇ. بارلىق چوپانلار ئاشۇ يەرنى كولاپ، كالىنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇشتۇمتۇت كالا يەر ئاستىغا غايىپ بولغان يەردىن شىددەتلىك بىر ئوت ـ گۈلخان ئۆرلەپ، ھېلىقى مەس چوپاننى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ئورمانلىقلارغىمۇ ئوت تۇتىشىپتۇ. ھەممە يەرنى تۇرۇم ـ تۇرۇم ئوت ـ يالقۇنلار قاپلاپتۇ، باشقا چوپانلار نېمە قىلارىنى بىلمەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا يەر ئاستىدىن «نېي» فامىلىلىك بىر زاھىد چىقىپ، ئىلاھى ئەپسۇنلىرى بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ، ھېلىقى چوپاننىمۇ تىرىلدۈرۈپتۇ. نېي فامىلىلىك بۇ زاھىد ئەسلى كالىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «نېپال» دېگەن دۆلەت نامىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن ئىكەن. «نېپال» دىكى «پال» بولسا «قۇتقۇزغۇچى» دېگەن بولىدىكەن. نېپالنىڭ پايتەختى كاتماندۇدىكى چوڭ بۇتخانا ئىشىكىنىڭ ۋېۋىسكىسىغا: «غەيرى ھىندى دىنى مۇرتلىرى بىلەن كالا تېرىسىدە كىيىم كەيگەنلەر كىرىشكە بولمايدۇ» دەپ يېزىلغان. چەتئەللىكلەرنىڭ كىرىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان. بىراق بۇتخانىنىڭ ئىشىكىدىن بۇتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن ئالتۇن ھەللىرى پاقىراپ تۇرىدىغان كالا ھەيكىلىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئالتۇن باشلىق، ئادەم بويىدىن ئېگىز قىلىپ قاتۇرۇلغان بۇ ھەيكەل شام يورۇقىدا تاۋلىنىپ، كىشىگە خۇددى كالا، تىرىكتەك تەسىرات بېرىدىكەن.

ساياھەتچىلەر كاتماندۇ شەھىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە كوچىلىرىدا، شەھەر مەركىزىدە، ماشىنىلارنىڭ، ھەتتا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالىي پىكاپلىرىنىڭ ئالدىدا بىخارامان يۈرگەن كالىلارنى كۆرىشىدۇ.

يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇقەددەس كالىغا سەجدە قىلىش مۇراسىمىدىن باشقا، نېپال ھۆكۈمىتى كالىنى قوغداش توغرىلىق قانۇنغا ماددا كىرگۈزگەن. قانۇندا ئېنىق قىلىپ: «كالىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەر تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ، جېرىمانە تۆلەيدۇ ياكى قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. 1962 ـ يىلى نېپال ھۆكۈمىتى سېرىق كالىنى رەسمىي «دۆلەت ھايۋىنى» دەپ بېكىتكەن.

بىراق كالىغا بولغان بۇنداق تىۋىنىش تۈپەيلى سەلبىي ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان. نېپالدا كالا ھەسسىلەپ كۆپەيگەن، ھەتتا شەھەرلەردە «زىيانداش» قا ئايلانغان. ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىق تۈپەيلىدىن، شەھەرلەردە نورمال قاتناشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر قەرەللىك ھالدا بۇ «دۆلەت ھايۋىنى» نى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ شەھەر سىرتىغا ھەيدىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان.

تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن كەلپىن
مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

## قايتىپ كېلىش

ماشىنا سوقۇۋەتكەن بىر كۈچۈك يول بويىدا يېتىپ قاپتۇ. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دوختۇر بۇ كۈچۈكنىڭ تېخى تىرىكلىكىنى بايقاپ، كۈچۈكنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. دوختۇرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن كۈچۈك ناھايىتى تېزلا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

دوختۇر كۈچۈكنى ماشىنا ئىسكىلاتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئەمما كۈچۈك توساتتىنلا سەكرەپ قوپۇپ تالاغا ئېتىلىپتۇ. دوختۇر بېشىنى چايقاپ: «ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان!» دەپتۇ. ئەمما، ئەتىسى كەچتە ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئىشىكنى تاتىلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپتۇ، ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا ئالدىنقى كۈنى ئۆزى قۇتقۇزىۋالغان كۈچۈك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭسى ئۇنىڭ يېنىدا زەخىملەنگەن يەنە بىر ئىت تۇرغىدەك!

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى
مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى ئۇلۇغلىشى

غەيرەتجان ئوسمان

يېمەك ـ ئىچمەك كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى. ئىنسانلار تەييار يېمەكلىكتىن پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش دەۋرىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى پىشۇرۇش ئىنسانلارنىڭ باشقا ئەمگەك پائالىيەتلىرى ۋە كەسپىياتلىرىغا ئوخشاش ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئوچاق مۇقىم ئائىلىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، قورۇ ـ ھويلا ئىچىدىن ئۆي ئىچىگىچە مۇقىملاشقان.

ھەربىر ئائىلىدە بىر ياكى بىر قانچە ئوچاق بولۇش قەدىمكى زامانلاردىلا ئادەتلەنگەن ئائىلە پورمىسى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ئوچىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولسا بىر خىل ئائىلە يۈكسەكلىكىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلانغان.

ئۆي ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوچاق كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا پىلانلانغان. ئۇيغۇر ئائىلىلىرى كۆپىنچە دەھلىز ـ ئايۋان، ئاشخانا، مېھمانخانا (ساراي) دېگەن ئۈچ چوڭ ئۆي، بىر يان قازناقتىن تەركىب تاپقان. كۆپ ئائىلىلەردە ئايۋان، ئاشخانا، مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىدە بىردىن ئوچاق بولغان. بۇ ئوچاق ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپى ئۇزۇن تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە مېھمانخانىنىڭ ئوچىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تولىمۇ مۇۋاپىق. ئۇ ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنكى ئۇدۇل تامنىڭ بىر تەرىپىگىرەك جايلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. شۇ ئۆي ئوچاقنى پاسىل قىلىپ تۆشۈك تەرەپ ۋە تۆر تەرەپ دەپ ئايرىلىدۇ. «مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر» دەپ ئۇيغۇرلار مېھمانلارنى ھامان تۆر تەرەپكە باشلاپ، ئۆزلىرى پەگا تەرەپتە ئولتۇرغان. ئوچاق تۆر بەلگىسى بولۇش بىلەن بىرگە ئۆينىڭ ئۆزەكى (يادروسى) رولىنىمۇ ئوينىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئوچاق مۇقەددەس نەرسە ھېسابلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرىمىز.

ئالدى بىلەن، ئوچاقنىڭ يېمەكلىك پىشۇرۇشتىكى ئەمەلىي رولى كىشىلەرنىڭ دائىم دىققەت نەزىرىنىڭ مەركىزىدە بولۇپ كەلگەنلىكىدىن سۆز باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەجدادلار پىشۇرۇلغان يېمەكلىكنىڭ خام يېمەكلىككە قارىغاندا تەملىك، قۇۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن چاغلاردىن باشلاپلا پىشۇرۇلغان يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلىنىش ھاياتلىقنىڭ مۇھىم كاپالىتى ھېسابلانغان.

ئىككىنچى، ئائىلە بىلەن ئوچاق سەۋەپ ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتە بولغان بولۇپ، بىر ئائىلىدە چوقۇم ئوچاق بولۇش، ئائىلە بىرلىشىشقا ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۆي ـ ماكان تۇتۇشنى «ئۆي ـ ئوچاقلىق بولماق» دېگەن جۈملە شەكلىدە قوللىنىشنى مۇقىم ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

ئۈچىنچىدىن، ئوچاقنىڭ ماھىيىتىگە ئوت ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر قاتلام تىۋىنىش چۈشەنچىسى مۇجەسسەملەنگەن. ئىنسانلارنىڭ ئوتنى ئىختىرا قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۇلارنىڭ ھايۋانلار دۇنياسىدىن رەسمىي ئايرىلغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەمما ئوتنى ساقلاش، ئۇنىڭدىن دائىم پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەجدادلار ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ئوچاقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئوتنى ساقلاش ئۈچۈن قولاي ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بەرگەن. ئەجدادلار ھاياتنى دائىملاشتۇرۇش ۋە روناق تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئوچاقتا دائىم «قوقاس» ساقلانغان. ئانىلار ياكى ئائىلە ئەزالىرى بۇ ئوتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن «قوقاس» نى كۈلگە كۆمۈپ ساقلىغان. ئوت لازىم بولغاندا كۈلنى ئېچىپ پۈۋلەپ «ئوتقاش» قا ئايلاندۇرغان. مۇبادا قوقاس ئۆچۈپ قالسا، ئۆز قوشنا ـ قاياشلىرىدىن تىلەپ، ئارچا، ئورۇك، ئۈجمە دەرىخىنىڭ شېخىدا ئېلىپ

كېلەتتى ① . ئوچاقتا تاماق ـ نان، گۆش، قاتتىق كۆكتات (مەسلەن، سەۋزە، چامغۇر، قىزىلچا، ياڭيۇ قاتارلىقلار، كاۋا ۋە باشقىلار پىشۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئوت ـ كۆل ساقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئوچاق تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. قىز ـ كېلىنلەر، جوۋان-چوكانلار ۋە ئانا ـ موماللار سەھەر تۇرۇپ يۈز-كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئوچاق بېشىنى پاكىز سۈپۈرۈش ئادەت قىلىنغان. ئوچاقنىڭ بېشىغا يۈز ـ قوللىرىنى يۇيىماي ياكى بىتاھارەت كېلىش، پاسكىنە سۇلارنى تۆكۈش، ئەسكى نەرسىلەر، ئەخلەتلەرنى تاشلاش، تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، ئوچاق ئەتراپىدا ئۇسۇرۇش، ئەر ـ ئاياللار ھاۋايى ـ ھەۋەسلىك چاقچاق قىلىش، ئوچاق ئالدى ياكى ئوچاققا يۆلەپ جىما قىلىش، ئوچاقنى ئۇرۇش، تېپىش، ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇش، پۇتنى ئوچاق بېشىغا سوزۇپ يېتىش قاتارلىق غەيرىي قىلىقلار قاتتىق پەرھىز قىلىنغان. ئاياللار ۋە ئانىلار يۇيۇقسىز قازان ـ قومۇچ ۋە قاچا ـ قۇچىلارنى ئوچاق بېشىدا ئەتىگە قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىگەن، بۇنداق بولۇپ قالسا ئۆينىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرىدۇ، ئائىلىگە پالاكەت كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا قازان ـ قومۇچ كەچتە يۇيۇلماي قالسا، ئوچاق بېشىدىن ئېلىۋېتىلىدۇ.

ئوچاق يەنە شور ـ تۇز ۋە سېغىز توپىدا ياسىلىدىغان بولغاچقا، تۇز ۋە توپىنىڭ تېۋىنىشچانلىق خاراكتېرىمۇ ئوچاق مۇقەددەسلىكىگە بىر قاتلام مەزمۇن قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئېتىقات چۈشەنچىسىدە تۇز ۋە توپا ئېتىقاتچىلىقىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بولۇپمۇ تۇزغا تېۋىنىشنىڭ دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۈچلۈك تەسىرىنى ساقلىغان، خەلق نەزىرىدە، ئوچاق ئائىلىنىڭ سىمۋولى، ئۆينىڭ ئاساسلىرىدىن، تىرىكلىكنىڭ نىشانىدىن، بەرىكەتنىڭ بىشارىتىدىن بىرى، ئوچاقنىڭ بېخەتەرلىكى، سۈپىتىنى ۋە ئورنىنى قوغداش ئائىلىنى قوغداشقا ئوخشاشلا مۇھىم. بەزى جايلاردا يۇرت ئىچىدە ئادەملەر تاسادىپىي بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ـ جىدەللىشىپ قالسا، ئەرلەر سىرتتا زوكۇنلاشقان پۇرسەتتە ئاياللار قارشى تەرەپنىڭ ئوچىقىغا سۇ قۇيۇۋېتىدىغان ياكى بۇزۇۋېتىدىغان ئەھۋاللار بولغان. بۇنداق قىلىشتىن مەخسەت، شۇ ئائىلىنىڭ شورى ۋە يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋېتىش ئىكەن. شۇڭا، كىشىلەر جىدەل ـ ماجرا بولۇپ قالسا، شەخسىي بېخەتەرلىكتىن باشقا ئائىلە ۋە ئوچاقنىڭ دەخلى ـ تەرۇزسىزلىكىنىمۇ جان تىكىپ ئالاھىدە قوغدىغان.

ئوچاق كونىرىغاندا، چېقىۋېتىش لازىم بولسا، ئۇنىڭ شورىنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋېتىش ياكى تەرەت قىلىنىدىغان يۇندا تۆكۈلىدىغان يەرگە تاشلىۋېتىلمەي. باغ ـ قورالارنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىگە ياكى خالى جايغا قويۇپ قويۇلغان. بەزى كونا ئوچاقلارنىڭ شورلىرى ياكى بەل ئاغرىقلىرىغا داۋا دەپ، ئېلىپ قويۇش ئەھۋالىمۇ بار. يەنى ئۇنى قىزىتىپ، چىش ياكى بەلگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىلگەن.

ئوچاق ئېتىقادچىلىقى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئالدى بىلەن بۇ خىل ئېتىقادچىلىق ئوت ـ كۈن ئېتىقاتچىلىقى بىلەن باغلىنىشى بار. شۇنىسى ئېنىقكى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئوت ـ كۈن ئېتىقادچىلىقى بەك ئەۋج ئالغان رايونلاردىن ئىدى. ئەجدادلار خىلمۇ ـ خىل ئۇسۇل ۋە شەكىللەر ئارقىلىق قوياشقا بولغان ئېتىقادچىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ھالقا بولۇپ ئۇسۇل ئويناش، گۈلخان يېقىش، مەشئەل كۆتۈرۈش، قاپاق كۆيدۈرۈش، زاراخەتمە قىلىش قاتارلىقلار مۇشۇ خىل پائالىيەتنىڭ ھەر خىل ئىپادىسى بولۇپ سانالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلخانا سېلىش پائالىيىتىنىڭ قىممىتى يۇقىرى ھېسابلانغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار مۇقىم ئۆي ـ قورۇ شەرتىنى ھازىرلىمىغان شارائىتتا، ئوچۇقچىلىقتا گۈلخانى سالغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە خاس ۋە تۇراقلىق ئۆي ـ ماكانىنىڭ بولۇشى بىلەن ئوچاقلار ئۆي-قورۇنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالغان. شۇنىڭ بىلەن گۈلخانىلارنى قورۇ ئىچىگە سېلىشمۇ ئادەتكە ئايلىنىشقا باشلىغان. ئىنسانلارنىڭ بېخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئوچاق ـ تونۇردا گۈلخان يېقىشمۇ تەدرىجى ئومۇملاشقان. چارۋىلار ۋە زىرائەتلەر — ئېكىنزارلىقلارنىڭ بېخەتەرلىكىنى قوغداش خاراكتېرىدىكى گۈلخانلار بولسا سىنىپىي جەمئىيەت باسقۇچىدا، يەنىلا ئۆي ـ قورو سىرتىغا سېلىنغان. ياكى ئېكىنزارلىق ئەتراپى، تاغ قاپتاللىرى، يايلاقلاردا گۈلخان يېقىلغان. ۋاھالەنكى ئائىلە ئامانلىقىنى قوغدىغۇچى تەگرىلەر ئۈچۈن سېلىنغان گۈلخانلار ئۆي ئىچىدە بولغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇياش ئېتىقادچىلىقى ئوت ئېتىقادچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان بولسا، ئېتىقادنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلىدىغان ئوبيېكت بولغان ئوچاقمۇ ئېتىقاد

ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالغان. نەتىجىدە قەدىمكى كىشىلەردە «ئوچاق تەڭرىسى» چۈشەنچىسىمۇ شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئوچاق تەڭرىسىگە تىلاۋەت قىلىش پائالىيىتىمۇ ئۆتكۈزۈلگەن.

ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ئېتىقاد ئائىلە مۇقەددەسلىكى قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتتى بار. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەرگىچە مۇقىم ئۆي - ماكان تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا ئوچاقمۇ تۇراقلىق ئورۇنغا ئىگە بولالمىغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە ئىنسانلاردا تەدرىجىي يوسۇندا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئادىتى بارلىققا كەلگەن. بۇنداق تۇراقلىق جايلاردا ماكانلىشىشنىڭ مۇقىم ئىپادىسى تاش، چالما - كېسەك، لاي، ياغاچ قاتارلىقلار بىلەن ئۆي - ھوجرا، قورۇ تام سېلىپ ئولتۇرۇش ھېسابلانغان. بۇنداق قورۇ - ئۆينىڭ بولۇشى ئىنسانلار تارىخىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر ھادىسە بولۇپ، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرىنىڭ ھازىرلانغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن خالىغان يەرگە ئوت يېقىپ، يېمەكلىك پىشۇرۇش ھالىتى ئۆزگىرىپ، ئوچاق ئۆي ئىچىگە مۇقىملىشىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئالتاي ۋادىسى، جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرى قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدىغان، جۈملىدىن بەزى جايلاردا سوغۇق پەسلى ئۇزۇن بولغاچقا، ئائىلىدە ئۆي ئوچىقىنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولغان. شۇنداق قىلىپ كىشىلەر نەزىرىدە «ئۆي - ئوچاق» دېگەن ئۇقۇم ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئۇقۇم بولۇپ قالغان. ئائىلە مۇقەددەسلىكى ئوچاق مۇقەددەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر قاتلام ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش بىلەن بىرگە ئوچاق مۇقەددەسلىكىنىڭ ئورنىنى يەنىمۇ ئۆرلىتىشكە مەنىۋى ئاساس بولغان.

ئوچاق مۇقەددەسلىكى ئادەتتىكى بىر خىل ئىجتىمائىي ئېتىقاد چۈشەنچىسى ئەمەس. ئۇنىڭ تارىخى ھەقىقەتەن ئۇزۇن، تەسىرى چوڭقۇر. ئىلمىي خادىملار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوچاق ئىلاھىغا تىلاۋەت قىلىشنى يېڭى تاش قۇرال دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدۇ، ② دەپ ھېسابلاشماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزم رايونىدىن يېڭى تاش قۇرال دەۋرىگە مەنسۇپ بىر قەدىمكى ئىزنى بايقىغان. «ئولتۇراق جاينىڭ ئەتراپىدا قاتار - قاتار ئوچاقلار بار. پۈتكۈل ئورۇقداشلىق جامەسى مۇشۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ ئۆيلەرگە ئۇششاق باللارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 100 دىن 120 گىچە ئادەم سىغىدۇ. ئولتۇراق جاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتى ئۆچمەيدىغان يۇمۇلاق ئوچاق بولۇپ، بۇ ئوچاق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتكۈل شەرقلىقلەرنىڭ ئوتقا چوقۇنىشىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىزدۇر» ③ ئەينى زاماندا ئوچاق ئىلاھىغا تىلاۋەت قىلىپ ئوتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئوچاققا دائىم ئوتۇن سېلىپ تۇرۇلغان. پەقەت مۇشۇنداق قىلىنغاندىلا پۈتكۈل ئورۇق كىشىلىرىنىڭ ئامانلىقىدىن مەسىلە چىقمايتتى. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا بۇ چاغدا ئانىلىق ئورۇقداشلىق (ماتىرىئارخاللىق) جەمەسى باسقۇچىدا ئىدى. شۇنداق ئىكەن تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئوچاق ئىلاھىمۇ ئايال خاراكتېرىدە ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھىرودوت ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسكىت (Iskf) لىرى «ئەڭ قاتتىق قەسەم بېرىدىغان چاغدا، پادىشاھنىڭ ئوچىقىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قەسەم بەرگەن، بۇ ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى» ④ دېگەن خاتىرىنى قالدۇرغان. بۇ خاتىرىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئىرقى مەنبەلەردىن بىرى بولغان ساك قەۋملىرىدىن ئىسكىفلەردە ئوچاق ئېتىقادچىلىقىنىڭ نوپۇزىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكىدا دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندە سىمۋوللۇق ئوچاق (راس ئوچاق بولۇشىمۇ مۇمكىن) نىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەلۋەتتە قەدىمكى ئىسكىلەرنىڭ ئادىتى بىلەن مەنبەئەداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە. چۈنكى ئىسكىلەر ئەسلى ئارىيانلاردىن بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربىي ياۋروپا، ئىران ئېگىزلىكى ۋە ھىندىستان 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كۆچكەن. كۆچمەي قالغانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ بىر تارماق ئەجدادلىرى بولۇپ قالغان. ياۋروپادىكى ھىندى — ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئەنە شۇ ئارىيانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

تۈركىي تىلىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ قەدىمكى تۈركلەردە ئوچاق ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى ھەر تەرەپلىك تەكشۈرۈپ كۆرگىنىدە، «تۈرك» دېگەن ئاتالغۇغا كۆپرەك دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەكتە. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، «تۈرك» (Türk) سۆزى «تۈر — Tür» ۋە «ك — k» دېگەن ئىككى سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ يەردىكى «تۈر

«Tür —» نىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلىدا «ئوچاق» دېگەن مەنىسمۇ بار ئىكەن. كېيىن تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ «تۈۋ — Tüv» گە ئايلانغان ھەم بۇ ئۈچ ماكان (يەر، ئاسمان، تەھتى ماكان) دىكى تەڭرىگە ۋەكىللىك قىلغان. بۇلار ئىچىدە «ئوت ئىلاھى» نەڭ مۆتىبەر ئورۇندا بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە «ئوچاق ئىلاھى» دېگەنلىك بولىدىكەن. «ك — k» بولسا «كۈن — Kün» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى تاۋۇشى بولۇپ، ئەسلى تۈپ سۆزدىن قىسقىراپ كەتكەن. ئوچاققا ئوت يېقىش ۋە تاماق ئېتىشنى ئاياللار زىممىسىگە ئالغان بولغاچقا، ئاياللار ھوقۇقچىلىقىنىڭ خىرىسقا ئۇچرىغان دەۋرلەردىمۇ ئاياللارنىڭ مۇشۇ خىل خىزمىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى تۆۋەنلىمىگەن. ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى بىر يولىلا تۆۋەنلەپ كەتمەستىن، بەلكى، ئائىلىدە ئانىلار ئوت ئىلاھىغا ئوخشاشلا مۇھىم دەپ قارالغان. ⑤ يۇقىرىدا دېيىلگەن گەپنىڭ ئاخىرىنى چىقارساق، «تۈۋ — Tüv» سۆزى كېيىنچە «تۈۋرۈك - تۈۋلۈك» يەنى قازان چۈشۈرىدىغان تۈۋرۈك - تۈۋلۈككە ئۆزگەرگەن، شۇنداقلا ئائىلىدىكى مۇھىم سايمان بولۇپ قالغان.

ئالىملار، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر نەزىرىدە ئوچاق ئىلاھىنىڭ جىنسىيىتىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان. يەنى دەسلەپكى ئوچاق ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن، يەنى ئوچاقنى ئاياللار ئىجاد قىلغان بولغانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپكى ئوچاق ئىلاھى ئايال بولغان، بىر دەۋرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئاندىن ئەر بولغان دەپ ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل پاترىئارخاللىق (ئاتىلىق قەبىلچىلىك) جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدا ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى بولۇپمۇ ئوچاق ئالدىدىكى ئىمتىيازى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەمەس. بولۇپمۇ ئوچاق بېشى، تاماق تەييارلاش ۋە يېمەكلىك تەخسىملەشنى پۈتۈنلەي ئاياللار باشقۇرۇپ كەلگەن. ئەجدادلار نەزىرىدە كۈن ئىلاھى — ئوت ئىلاھى — ئوچاق ئىلاھى — ئايال ئىلاھ دېگەنلەر بىر خىل مەنبەئەداشلىق ئېتىقاد ھالقا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېگى - تەكتىدىن ئائىلىنىڭ بېخەتەرلىكى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ مەنىۋى ھامىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن.

ئوچاق ئىلاھى ئېتىقادچىلىقى ئېلىمىزدە خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىمۇ ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان بىر خىل خەلق ئېتىقاد چۈشەنچىسى. ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭ ئالامەتلىرى قەدىمكى زامانلاردىلا بولغان. بىراق ئىلمىي تەتقىقات يېقىنقى يىللاردىلا باشلاندى. قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ سېلىنىشى، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى شەرقچە زامانىۋى ئۇسلۇبتا سېلىش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلىشى بىلەن بەزى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئوچاقنىڭ تارىخىي خىزمىتى كىشلەر ھېس قىلمىغان ئاساستا ئاخىرلاشماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يادرولۇق بىر ئىلمىنىتىدىن ئايرىلىپ قالماقتا. ئوچاقنىڭ قىممىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈش، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئاز - تولا ياردىمى تېگىپ قالار دېگەن مەخسەتتە بۇ ئاددىي ماقالا يېزىلدى. قىزىقىقۇچىلارغا ئىلھام، پەرۋاسىزلارغا ئۈندەش، ئىنكار قىلغۇچىلارغا غىدىقلاش تۈيغۇسىنى بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

---

## ئىزاھات

① ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1998 - يىلى 2 - سان، 85 - بەت.

② جۇڭگاۋ «غەربىي يۇرتتىكى مۇقەددەس ئوت ئېتىقادچىلىق مۇراسىملىرىنىڭ ماھىيىتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1998 - يىلى 1 - سان، 82 - بەت، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

③ ب. گ. غا پوروپ (تاجىكستان) «تاجىكلار تارىخى»، 1 - قىسىم، 13 -، 14 - بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى.

④ ھىرودوت (گرىتسىيە) «تارىخ»، IV، 68 - بەت، شاڭۋۇ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 - يىلى نەشرى.

⑤ لى گوشاڭ: «ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدە»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1990 - يىلى، 2 - سان، خەنزۇچە، لەنجۇ.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەت

چىرايلىق ۋە نازاكەتلىك مەلىكە بىر يىگىتكە ئاشىق بوپتۇ، ئۇلار ناھايىتى تېزلا توي قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي مەلىكە پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ئايال پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ.

ئۇزاق يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئايال پادىشاھ ئۆزىنىڭ بارا ـ بارا قېرىپ كېتىۋاتقانلىقى، گۈلدەك رۇخسارىنىڭ ئاستا ـ ئاستا سولىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇرۇنقى قەددى ـ قامىتىنى پەرداز بويۇملىرىغا تايىنىپ ساقلاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ۋە:

— ياق ئايال پادىشاھنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە سۈرى چىرايىنىڭ سولاشقانلىقى تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەتسە بولمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال پادىشاھ بارلىق پۇقرالىرىغا شەپقەتسىزلىككە يېقىنلىشىپ كېتىدىغان يارلىق چۈشۈرۈپتۇكى: «ئايال پادىشاھ گىرىم قىلماستا ئۇنىڭ رۇخسارىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، كىمكى خىلاپلىق قىلسا، كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپتۇ.

كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر ئەتىگەنلىكى ئايال پادىشاھنىڭ ئېرى بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ خان جەمەتى باغچىسىدا سەيلە قىپتۇ. ئۇ تۇساتتىنلا ۋىچىرلىشىپ سايرىشىلى تۇرغان قۇشقاچلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا ئەگىشىپ، دەرەختىكى ئۇۋىدا، بىر توپ قۇشقاچ باللىرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بايقاپتۇ: نېمىدىگەن ئوماق قۇشقاچلار ھە! ئۇ، قەلبىدىكى خۇشاللىقنى زادىلا بېسىۋالالماي، يۈگرىگىنىچە ئوردىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئايال پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئايال پادىشاھ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان بولۇپ، تېخى يۇيۇنۇپ تارانمىغانىكەن، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ، قىلچە پەرداز قىلمىغان ئاپئاق يۈزىنى شارتتىدىلا بۇراپ ساپتۇ، — دە،

قەلبى قايغۇ ـ ئەلەمگە تولۇپتۇ، ئۇ، ئېرىنىڭ بىر مەھەللىك قاراملىقى ۋە بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن ئىپچىنشلىق تۇردە ئۆلتۈرۈلۈشكە چىدىماپتۇ، ئەمما دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەخپىيەتلىكىنى بىلىۋېلىشىغىمۇ ھەرگىز يول قويالماپتۇ. كاللىسىنى ئېلىش ئىجرا قىلىنىدىغان كۈنى، ئايال پادىشاھ تاراملاپ ياش تۆككىنىچە ئېرىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بىر ئىشنى بىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىكەن، بۈگۈنكى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى مەڭگۈ تاپالمايدىكەن. ئايال پادىشاھ ئاخىر:

— مەن پەرداز قىلمىغان چاغدا چوقۇم ھەم قېرى، ھەم سەت كۆرۈنىمەنغۇ — دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئايال پادىشاھنىڭ ئېرى خوتۇنىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشكەن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، مەن سېنىڭ گىرىملىرىڭنى يۇيۇپ تاشلىشىڭنى، ھەتتا خانتاجىڭنى ئېلىپ تاشلىشىڭنى، روھىمىزنىڭلا يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. مانا ئەمدى، ھەقىقىي خوتۇنۇمنى ئاخىر كۆردۈم، ئاخىر ئەرلىك كۆڭلۈم بىلەن ئۇنىڭ بارلىق گۈزەللىكى ۋە يېتەرسىزلىكىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم، مېنىڭ كۆڭلۈمدە خوتۇنۇم ئەبەدىل ـ ئەبەت گۈزەل، مەن نېمىدىگەن بەختلىك ئەر — ھە! — دەپتۇ.

ھېكايىنىڭ ئاخىرىچۇ؟ ماڭا نامەلۇم. ئەمما مەن شۇنى چۈشەندىمكى، ھەقىقىي مۇھەببەت نۇرغۇن تاشقى كۆرۈنۈش ھەشەمەتلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يۈرەكنىڭ بىرلىشىشىنى رويابقا چىقىرالايدىكەن.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# ئۆزۈلمەس ئېقىن

پاتگۈل ئەخمەت

ئەلمىساقتىن تارتىپ قانچىلىغان زامانلار ئۆتتى، قانچىلىغان دەۋرلەر ئالماشتى. بۇنىڭغا ماس ھالدا نۇرغۇن زامان ناخشىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەمما ئۆتكۈنچى يامغۇردەك خەلق قەلبىنى غىل - پال نەمدەپلا غايىپ بولدى. پەقەت خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان قوشاقلارنى ئۆزىگە ئاساسىي جان - تومۇر قىلغان خەلق ناخشىلىرىلا ئەسىرلەر بويى ئېيتىلىپ خەلقىنىڭ دەرت - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى، خوشاللىق، بەختىيارلىقلىرىنى ئىپادىلەپ، ھاياتقا، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ياڭرىتىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى.

زامانىۋى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئىچىدە پالاقلاپ يۈرگەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەر قارىماققا ئاشۇ قىممەتلىك مىراسلىرىمىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىسراپچىلىق، مەنئەت يۈكسەك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان زامانىۋى بەزمە سورۇنلىرىدىكى ئالا - تاغىل جارقىراشلار قۇلاق پەردىسىنى پاڭ قىلغاندا، مىللىي چالغۇلىرىمىز بىلەن ئورۇنلانغان مۇڭلۇق خەلق ناخشىلىرىنى ئەسكە ئالماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئەسىرلەر بويى ئېيتىلىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى يىلتىزىغا ئايلانغان، ئاتا - بوۋىلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆزگىچە لەززەت ھېلىھەممۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن يوقىمىغان.

خەلق ناخشىلىرىنىڭ سۆيۈپ ئېيتىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىدىكى سەۋەپ، يالغۇز ئۇنىڭ يېنىك، لەرزان ئاھاڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تېكىستلىرى چوڭقۇر مەنىلىك، ئەمما تىلى ئاددىي، ئۆزلەشتۈرۈشكە ئاسان بولغان خەلق قوشاقلىرىدىن تەركىپ تاپقانلىقى بىلەن تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى زامان، ماكاندىن ھالقىتىپ، مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ ئۆلمەس بىر ژانىرىغا ئايلاندۇرغان دەل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچىدۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى شېئىر ھېسابلانغان خەلق قوشاقلىرى. ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولۇپ ھازىرغىچە بولغان نۇرغۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تەبىئەت بىلەن بولغان، كۈرەشلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى غايىسى، مۇھەببەت - نەپرىتى، تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆز - ئارا باغلاپ كەلدى. خەلق قوشاقلىرى ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنىپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئەمگەكچى خەلقنى تەربىيەلەش رولىنى ئوينىش بىلەن بىللە ئەمگەكچى خەلققە ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ، ئالاھىدە بولغان كۈچلۈك ئېچىش رولىنىمۇ نامايەن قىلىپ كەلدى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۈچلۈك ئېچىش رولىنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان ئەمگەك قوشاقلىرىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. «خەلق قوشاقلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان تىل سەنئىتى. بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز تىلنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ماس ھالدا قەدەممۇ قەدەم قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان». شۇنداق، قەدىمكى دەۋردە ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي ھەم جاپالىق، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلىرى تولىمۇ ئۈنۈمسىز ئىدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەمگەك داۋامىدا كۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ ھالدا

ھەرخىل رىتىملىق ئاۋازلارنى چىقارغان. مانا بۇ ئەڭ دەسلەپكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئىجات قىلىنغان ئەمگەك قوشاقلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھارغىنلىقىنى چىقىرىش، كۆڭلىنى كۆتىرىش رولىنى ئوينىغان، ئۇلار ھېرىپ - چارچىغاندا، ئۈمىتسىزلەنگەندە ئۆز - ئارا قوشاق ئېيتىشىپ، يېڭىدىن - يېڭى كۈچ ئىلھامغا ئىگە بولغان. ئەمگەك شەكلىنىڭ كۆپ خىل بولىشى سەۋەبلىك ئەمگەك قوشاقلىرىمۇ كۆپ خىل شەكىلگە بۆلۈنىدۇ. مەيلى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوۋچىلىق قوشاقلىرىدا بولسۇن ۋە ياكى ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا كەسىپلەرگە خاس بولغان ئەمگەك قوشاقلىرىدا بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمگەك ھارغىنلىقىنى يەڭگىللىتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ روھىي - ھالەتنى كۆتۈرۈش، ئەمگەك مەيدانىغا قىزغىن كەيپىيات بېغىشلاشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىك سىڭگەن بولۇپ، بۇ خاسلىق ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر تۈرلۈك مەڭگۈلۈك مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ كەلدى.

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ساددا ئېتىقات ئاستا - ئاستا مۇكەممەللىشىپ دىن بولۇپ شەكىللەندى. ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە مىللەت بولۇپ بۆلۈندى. بۇنىڭغا ماس ھالدا مىللىي - دىنىي ئۆرپ - ئادەت ھەم ھەر خىل مۇراسىملار بارلىققا كەلدى. ئەنە شۇ ئۆرپ - ئادەت ۋە مۇراسىملارنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان خەلق قوشاقلىرى ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىم قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىپ، خەلقنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندى. ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى مەلۇم بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەينىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ھېس تۇيغۇسى، مىللىي - دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرى، بېسىپ ئۆتكەن تۇرمۇش مۇساپىسى ھەم شۇلارنىڭ ياشىغان تۇرمۇش مۇھىتىنى ئىپادىلەيدۇ. «كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى» دەك تەبئىي قانۇنىيەت ئاساسىدا دەۋرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مىللىي - دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەر ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ باردى. بۇ خىل ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ مەھسۇلى بولغان مۇراسىملارمۇ يېڭىلىنىپ تۇردى. بۇلار خەلق قوشاقلىرىدا شۇ ھامان ئەكس ئېتىپ، خەلق ئاممىسىغا خاس بولغان بىر خىل بەدىئىي سەنئەت شەكلىنى بەرپا قىلدى. بۇ خىل سەنئەت شەكلى بارا - بارا سىستېمىلىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتكۈل مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. خەلقىمىزنىڭ توي ئادىتىگە ماسلاشقان «توي قوشاقلىرى»، ئىسلام دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «رامىزان قوشاقلىرى»، تۆت پەسىلگە بولغان كۆزقاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «سەيلە قوشاقلىرى»....

قاتارلىقلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ مىللىي مۇراسىملىرىغا جۇشقۇنلۇق بېغىشلاپ، خەلقىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنى يۈكسەك دەرىجىدە بېيىتىپ كەلدى. خەلقىمىزنىڭ ھېچقانداق مىللىي - دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ ناخشا - قوشاقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي تۈزۈمدە، ئىنسانلارنىڭ تەبىقە - سالاھىيىتىدە ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلارنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان، ئۆزگىچە بولغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش رولىمۇ ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ھەم ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان قاراشلىرى، تەڭسىزلىك - زۇلۇمغا بولغان نارازىلىقلىرى ھەم جاپالىق تۇرمۇشى شۇنداقلا تارىخىي ھادىسە ھەم تارىخىي شەخسلەرگە بولغان باھاسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قوشاقلار سىياسىي، تارىخىي قوشاقلار دۇر. سىياسىي، تارىخىي قوشاقلار مەلۇم بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكان ھەم زامانغا بولغان كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ شۇ دەۋرلەردە ئوچۇق - ئاشكارە ئىپادىلەش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىچكى تۇيغۇسىنى ھەم يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇ

سەۋەبتىن بۇ خىل قوشاقلارنى مەنە جەھەتتىن تېخىمۇ يۈكسەكلىككە يەتكەن دەيمىز.

سىياسىي، تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ كۆپ خىللىقى سىياسىي، تارىخىي قوشاقلارنىڭمۇ كۆپ خىللىقىنى بەلگىلىگەن. ئەمما بۇ خىل قوشاقلارنىڭ قايسىسىدا بولسۇن ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ زامان ھەم تۈزۈمگە بولغان كۆز ـ قاراشلىرى ئىپادىلىنىپ ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رەزىللىكلەر قامچىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغۋار ئەخلاقى پەزىلەتلىرى، خەلقنى ياخشىلىققا باشلايدىغان ئاقىللار كۈيلىنىدۇ ھەم يۈكسەك ئۈمىتۋارلىق روھ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۈمىتۋارلىق روھ تارىخىي قوشاقلاردا تېخىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تارىختا ئۆتكەن خەلق قەھرىمانلىرىغا، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ئاتاپ ئىجات قىلىنغان بۇ قوشاقلار تارىخنىڭ ئەينىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتمۈشنى چۈشىنىشىمىزدە تولىمۇ قىممەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، سىياسىي، تارىخىي قوشاقلار مەلۇم بىر سىياسىي، تارىخىي ھادىسىنى ئىپادە قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسيانكارلىق روھى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا بۇ قوشاقلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلقنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتتىن لەختە بولغان كۆڭلىگە مەلھەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بەختىيار تۇرمۇش يارىتىشقا، گۈزەل كېلەچەككە بولغان ئۈمىتۋارلىقنى ئويغىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى مۇشۇ قوشاقلاردا ئىپادىلەش بىلەن بىر خىل مەنىۋى تەسەللىيگە ئېرىشىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ. شۇڭا سىياسىي ـ تارىخىي قوشاقلاردا، ئۆزگىچە بولغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش رولىنى نامايان قىلىنغان دەپ قارايمىز.

خەلق قوشاقلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە رىتىم، قاپىيە، ۋەزىن ئالاھىدىلىكى، مۇزىكىدارلىق ھەم شېئىرى ئاھاڭدارلىقنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ئاساسەن خەلق قوشاقلىرى ھەم خەلق ناخشىلىرى دەپ ئايرىلدى. ئەمگەك ـ تۇرمۇش قوشاقلىرى، سىياسىي، تارىخىي قوشاقلار. ئۆرپ ـ ئادەت مۇراسىم قوشاقلىرى ھەم مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېگىدەك ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىپ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك.

ئىشقىي ــ مۇھەببەت تېمىسى بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما بولغىنىدەك، ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ مەڭگۈلۈك تېما بولۇپ كەلگەن. ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئارزۇلىرىنى، ساددا، ئاقكۆڭۈل تەبىئىتىنى، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا بولغان ئۈمىدىنى مۇھەببەت قوشاقلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شېئىرى ئاھاڭدارلىقتا تويۇنغان بولۇپ، خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان. بۇ خەلق ناخشىلىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە مەشرەپ، توي ـ تۆكۈن، يىغىلىشلارغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. مۇھەببەت قوشاقلىرىدا يارغا بولغان مۇھەببەت باش تېما قىلىنغان بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە بولغان ھېسسىي تۇيغۇسى، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلىشى، تەڭسىزلىك ھەم رەزىللىككە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ھەم خىيالى جەننەتكە تەلپۈنۈشتەك گۈزەل ئارزۇلىرى ئاشۇ يار ئوبرازىغا يۇغۇرلۇپ ئىپادە قىلىنغان. شۇڭا بۇ قوشاقلارنى خەلق قەلبىنىڭ ئەينەك كارتىسى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، خەلق قوشاقلىرى پەيدا بولۇپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ بۈگۈنكى دەۋرگىچە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر بولغان ئۇزاق تارىخىي مۇساپىلەردە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، خەلقنىڭ ھال ـ مۇڭىغا شاھىد بولۇپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ھەم خۇشاللىق ــ ئۈمىتلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى. بۇ ئۈزۈلمەس ئېقىندىن ھاسىل بولغان مەڭگۈلۈك سىمفونىيە ئەسىرلەر بويى خەلقنىڭ يىمىرىلمەس مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ، خەلق مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئەينىكى بولۇپ قالدى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# خوتەن خەلق قوشاقلىرى

مەلىنىڭ يولى تاشلىق،
يارىم بار قەلەمقاشلىق.
ئاشخانىدىن ئاش يەيسەن،
ئۆيۈڭدە يوقمىدى ئاشلىق.
قانداق قىلىمىز، ياشلىق،
قىلساق ئاز ـ تولا شاشلىق.
كۆزىڭىزنى ئالايتىپ،
بىزنى سوتلىماڭ باشلىق.

※ ※

ئىسكىلاچ ھەم مەسسە،
يارىشىدۇ كەيسە.
بىر مۇنچە چاتاق ئاشۇنىڭدا،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار،
يېنىمىزدا بىر ئۇز بار،
گەپنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدا.

※ ※

ئالتۇن بىلەن سوققان ئۈزۈك
بېلەكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئۈنۈۋالسام
كۆكرەكىڭىزدە.
ئوزاق بولدى گۈل ۋەسلىڭىز
تېلەكىمىزدە.
قارىمايسىز، ئۆلەرمەنمۇ
كۆيەكىڭىزدە؟
قىزىلگۈلگە قول ئۇزارتسام،
قولۇم يەتمەيدۇ.
مەن يارىمنى سۆيەي دېسەم،
بويۇم يەتمەيدۇ.
سۆيمەي دېسەم ئوتى يامان،
كۆڭلۈم كەتمەيدۇ.
يارنىڭ ماڭا مەيلى يوقمۇ،
ئىگىلىپ بەرمەيدۇ...
ئاھ يۈرەك....
پاھ يۈرەك....
— كىمگە كۆيگەن بۇ يۈرەك؟...

— سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك.
بەك يامانكەن بۇ كۆيەك،
كۆيگىنىمنى بىلەردىڭ،
ئامرىقىم بولساڭ زېرەك.

※ ※

— ئوڭ قولۇمنى قايرىما،
بېلىكىم ئاجىز...
— قايرىۋەتكەن بىز.
ياشنى ياشلاپ،
گۈلدەك ياشناپ،
ئامراق يارنى باغاشلاپ،
ئاشىق بولدۇم ئۆزىڭىزگە،
توپا چاچماڭ كۆزىمىزگە.
كۆڭلۈم ئەجەپ رەنجىدى،
ئاخشام قىلغان سۆزىڭىزگە.

باشىڭدىكى ئوتتۇغاتىڭ بولاي مەن،
ۋەدە قىلغان جايلارىڭغا بارايمەن.
ۋەدىلەشكەن جايلارىڭدا تۇرمىساڭ،
بۇندىن كېيىن ساڭا قانداق قارايمەن؟

ئىشىك ئالدىڭغا سۆكە سالدىم چىم بىلەن،
سەن ئوينايسەن تالالاردا كىم بىلەن.
سەن ئولتۇرساڭ ئۇندا ئويناشىڭ بىلەن،
مەن يۈرەيمۇ بۇندا كۆز ياشىم بىلەن؟

تارغىقىم سىنىپ كەتتى،
ساچىمنى تارالمايمەن.
ئۆزۈمدىن ئۆتتۈپ كەچكەچ،
قېشىڭغا بارالمايمەن.

بىر قاشقا ئانار سالدىم.
بىر قاشقا يالاڭ توغاچ.
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
تىڭشايمەن يېقىن ماڭغاچ.

ئىشكايلامغا كېلىپ قويۇپ،
بوسۇغامدىن ياندىڭمۇ؟
باشتا يارىم دەپ قويۇپ،
ئەمدىلىكتە چاندىڭمۇ؟

قەلەمقاشلىق ئىكەن،
يارنىڭ سىياقى.
ئەجەپ دىشۋار ئىكەن،
يولنىڭ يىراقى.

يول يىراقىدىن،
يارنىڭ پىراقى.
ياردىن يۇرايدۇ،
غۇنچە يۇراقى.

يول يىراقىدىن،
ئاتلار ھېرىپتۇ.
«ھارمىغايلا» دەپ،
ئاشىيان بېرىپتۇ.

«ھارمىسلا؟» دېسە،
«ياخشىيدى» دەرلا.
«كۆڭلۈمدىكى يار،
باشقىيدى...» دەرلا.

تۆگە، قوتازنى
سەرمايە قىلدۇق.
سەكسەن تۆگىنى
سەرپايە قىلدۇق.

سەرپايە قىلغان
ھاردۇق ئېشىگدۇر.
مەستانە قىلغان
ئەگمەچ قېشىگدۇر.

قارا گىغۇ تاغدىن،
چەمدان[1] ئېۋەتتىم.
ئىچىدە لىق پۇل،
ھەميان ئېۋەتتىم.

ھالىمنى كۆرسەڭ،
«ھەيھات!» دېگەيسەن.
شىرنىڭغا كۆيگەن
پەرھات دېگەيسەن.

⁂ ⁂

يانجۇقتا تەڭگە،
ئالدىمدا لەڭگەر.[2]
مەنزىل يېقىندۇر،
چۇشەيلى دەڭگە.

ئاتنى توقۇڭلار،
چاپسان قويۇڭلار.
بارايلى دەرھال،
ئىلچى – خوتەنگە.

بارساق خوتەنگە،
ئۇيناپ كېلۇرمىز.
ئېقىن بويىنى
بويلاپ كېلۇرمىز.
يارنىڭ بېغىدا،
يايراپ كېلۇرمىز،
بوغماق خېنىمنى
تويلاپ كېلۇرمىز.

⁂ ⁂

لەيلى دەيدۇ، لەيلى دەيدۇ،
لەيلىمىكىن؟
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بولسا،
مەيلىمىكىن؟

كۆيەك ئۇتى – يۈرەك ئۇتى،
ئۆچمەيدىكەن.
بۇ دۇنيادا غەم بېشىگدىن
كۆچمەيدىكەن.

بۇ بېشىمنى غەملىك قىلغان،
يار پىراقى.

---

[1] مال تېرىسىدىن تىكىلگەن خالتا. [2] رابات، قونالغۇ.

ئوت ياققىنى سۆيگەن يارنىڭ
كۆز قاراقى.

ئالتۇن بېشى ئامان بولسا،
كېلۇر يارىم.
مېنىڭ تارتقان دەردلىرىمنى
بىلۇر يارىم.

* *

باغقا ئۇسما تېرىسام،
ياپراق ئېچىپتۇ كۆرسلە.
توختاخۇننىڭ چوڭ قىزى،
ئۈزۈپ قېچىپتۇ كۆرسلە.

كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ،
گۈلباغدا يەتتىم كۆرسلە.
ئاچچىغىمغا پايلىماي،
سۆڭگەچكە تەپتىم كۆرسلە.

«ۋاي سۆڭگىچىم» دەپ ۋارقىراپ،
يىتىۋالدى كۆرسلە.
خاپا بولماڭ دەپ قويغانغا
قېتىۋالدى كۆرسلە.

بۇنى ئاڭلاپ توختاخۇن،
ئەرز قىلىپتۇ كۆرسلە.
پارەنى جىق بىرىمەن دەپ،
قەرز قىپتۇ كۆرسلە.

قازى خاننىڭ دورغىلىرى
ئىستەپ كەلدى كۆرسلە.
«چاپسان بول!» دەپ قاپاق تۈرۈپ،
قىستاپ كەلدى كۆرسلە.

قازاخۇنۇم بار گۇناھنى
ئارتىپ قويدى كۆرسلە.
شەرىئەتنىڭ دەرىسىگە
تارتىپ قويدى كۆرسلە.

ئۇسما تېرىپ ئۆستۇرگەنگە،
راسا تويدۇم كۆرسلە.
توختاخۇننىڭ چوڭ قىزىغا
كۆڭۈل قويدۇم كۆرسلە.

ئونبەش پۇلغا سېتىۋالدىم،
قوتۇر مالنى كۆرسلە.
ئورۇقكەن دەپ تەس ئۇنىدى،
ۋاي بۇ مالنى كۆرسلە.

تېرىگە ئېلىپ، ئۆپكىسىدە
ئۈچ كۈن باقتىم كۆرسلە.
ساق بېشىمغا كېسەل تاپتىم،
بېشى ساقتىم كۆرسلە.

توختاخۇننىڭ چوڭ قىزى
ساقىيىپ قالدى كۆرسلە.
ئورۇق ئەچكۇ پايدا قىلىپ
ئاقىرىپ قالدى كۆرسلە.

ئەمدى قويۇپ «تېگمەن» دەپ
تۇرىۋالدى كۆرسلە.
توي قىلماستا بىزنىڭ ئۆيگە
بېرىۋالدى كۆرسلە.

كۈندە ئۈچ ۋاخ ئۇسما قويۇپ،
قاش ئاتىدۇ كۆرسلە.
ئاچچىقى كەلسە توپا چېچىپ،
تاش ئاتىدۇ كۆرسلە.

ئۇسما تېرىغان گۇناھىمچۇن،
بالادا قالدىم كۆرسلە.
جىدەلدىن قېچىپ، كېچە ـ كۈندۈز
تالادا قالدىم كۆرسلە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھاپىز قوشاق
توپلىغۇچى: روزى سايىت
مۇھەررىرى: ياسىن زىلال

# قىرمىش ئاتام، ئىساپ قىلىڭلار ...

ئۆمەرجان ھەسەن

يۇرتىمىز شىنجاڭ يىپەك يولىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن غەرب - شەرق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەتلەر بىلەن تويۇندۇرۇپ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت قاتلىمى ھاسىل قىلغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچىقى.

دىيارىمىز ئۆز باغرىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇددا مىڭئۆيلىرى، ئىسلام مەقبەرە - مازارلىرى ھېلىھەم ئۆزىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى جۇلالاندۇرۇپ، مىللىتىمىز تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە قەدىمكى يىپەك يولى لېنىيىسىدە ئۆز قىممىتىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە. ئونسۇ ناھىيىسىدىكى قىرمىش ئاتام مازىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

قىرمىش ئاتام مازىرى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 72 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئونسۇ ناھىيىسى تۇمشۇق يېزىسى شېغىلا (ئەسلى نامى شېيخلار) كەنتىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇ مازار ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، يەنە مەملىكەت ئىچىدىمۇ زور تەسىرگە ئىگە.

2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ساياھەت مەنزىرىلىرىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئوپېراتورى بىلەن بىرگە ئىدارىمىز تەشكىللىگەن ساياھەت ئۆمىكى تەركىبىدە بۇ مۇقەددەس جايغا يەنە بىر قېتىم بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

مېنىبوستا كېتىۋاتىمىز. قەلبىم بۇندىن 8 يىل مۇقەددەم بىر قېتىم كۆرگەن، بىرلا قېتىم كۆرگەن كىشىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرى بىلەن قايتا تاۋاپ قىلىشقا ئۈندەيدىغان سېھرىدىن ھاياجانلانماقتا ئىدى. ئاشۇ ھاياجان ئىلكىدە يىراقلارغا سوزۇلغان بوز تۈپىراقلارغا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرەتتىم.

خەلق ئارىسىدا تارقالغان قىرمىش ئاتام مازىرى ھەققىدىكى مۇنۇ رىۋايەتلەر خىيالىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى:

بۇرۇنقى زاماندا شەھىرى بەر - بەر (ھازىرقى ئۆچتۇرپان) نىڭ پادىشاھى زەمبۇرى ئاتەشپەرەسنىڭ بەشەر ئىسىملىك ئوغلى بولغانىكەن. بەشەر بىر كۈنى ئىمان ئېيتىپ چۈشەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بەشەر كۈنبويى دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ. ئاتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ توسۇپتۇ. ئەمما قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ بەشەر ئۆزگەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلاپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

بەشەر دىلى رەنجىگەن ھالدا نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ مەككىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مەككە مەسچىتىگە يېقىن بارغاندا بىر توپ كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپتۇ. ئەمما ئۇلار ھېچنىمىنى ئۇقالماپتۇ. ۋاراڭ - چۇرۇڭ مەسچىتتە دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەۋەتكەن ئادەم چىقىپ قارىغۇدەك بولسا تىلى كېسىۋېتىلگەن بىر يىگىت كوچىدا تەمتىرەپ يۈرگىدەك. ئەھۋالنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەشەرنىڭ تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام فالىغ ئىسىملىك كىشىنى بەشەر بىلەن بىرگە ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بەشەرنىڭ يۇرتى ئۆچتۇرپانغا ئەۋەتىشنى قارار قىپتۇ. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەشەرنىڭ ئىسمىنى، سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىنگە ئۆزگەرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ۋەسىيەت قىپتۇ.

ئۇلار نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن

كەچۈرۈپ ئاخىرى ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئوتتىشى يېزىسىنىڭ يامانسۇ، قەمقەم جادۇ تېغى، ئارال يېزىسىنىڭ ئويتىتىر، يېڭئاۋات يېزىلىرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. سۇلتان قىرمىش سەيدىلمۇسۇلمىن قومېرىق دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە ھازىرقى قىرمىش ئاتام مازىرىنىڭ ئورنىنى كۆرۈپ ئۇ يەردە كەنت بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپتۇ. ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ مازارغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ يەردە ھېچقانداق ئادەمزاد يوق ئىكەن. بۇ چاغدا ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھاسىسىنى بېرىپ، قوشۇن چۈشكەن جايدا تاماق ئېتىدىغاندا ھاسىنى كۆسەي ئورنىدا ئىشلىتىشنى، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يەرگە سانجىپ قويسىلا ئۇ يەرنىڭ شۇ زامان يېشىللىققا ئۆزگىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتقانلىقىنى ئەسكە ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ھاسىسىنى ھازىرقى بۇلاقنىڭ ئورنىغا سانجىپ لەشكەرلەرنى بۇ يەرنى كولاشنى بۇيرۇپتۇ. ھېچقانچە كولمايلا ئۇ يەردىن سۈپ - سۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىقىپتۇ. سۇلتان ھاسىسىنى يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت جايغا سانجىغان ئىكەن بۇ جايدىمۇ بۇلاق پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان بۇ جاينى «كۆكۈستانى چارىجۇ» دەپ ئاتاشنى قارار قىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي شەھىرى بەر - بەر (ئۈچتۇرپان) نىڭ پادىشاھى زەمبۇرى ئاتەشپەرەس ئۈچ مىڭ 500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئىككى قوشۇن مازارنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى قارا ساي بويىدا تۆت كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ. بەشىنچى كۈنى زەمبۇرى ئاتەشپەرەس يەنە بىر مىڭ 500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، كۆكۈستانى چارىجۇ (قىرمىش ئاتام مازىرى» نى ئىگىلىۋاپتۇ.

سۇلتاننىڭ قوشۇنلىرى ئىلاجسىز ھالدا ئات ئويناقنىڭ ئۈستۈنكى ئېقىمى ۋە ساۋاپچىنىڭ ئىسلىقدارا دېگەن يېرىگە چېكىنىپ قوشۇننى تەرتىپكە ساپتۇ. سۇلتان قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا ئەسكەرلىرىگە «ئەسكەرلەرنىڭ جەسىدىنى ھەرگىزمۇ كۆكۈستانى چارىجۇ (قىرمىش ئاتام ھازىرى) دا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەپتۇ. قايتىش ۋاقتىدا سۇلتان ئۇرۇشتا ئامان قالغان 74 نەپەر ئەسكەرنى يىغىپ «ئەگەر جەڭدە قايسىمىز شېھىت بولساق ھايات قالغانلىرىمىز شېھىت بولغانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزەيلى، بۇ جاينى چوقۇم ياخشى قوغدايلى» دەپتۇ.

سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىن 74 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ قايتىدىن جەڭ قىپتۇ. نەچچە كۈنلۈك قاتتىق جەڭدە سۇلتان ۋە ئۇنىڭ 63 نەپەر ئەسكىرى شېھىت بوپتۇ. پادىشاھ ئاتەشپەرەس زەمبۇرى قوشۇننى باشلاپ ئۈچتۇرپانغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغان 11 كىشى جەڭدە شېھىت بولغان سۇلتان ۋە 63 نەپەر ئەسكەرنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بۇ جايدا يوشۇرنۇپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپ، بۇ جاينىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈپتۇ. 11 نەپەر ئەسكەرنىڭ مەسئۇلى مەۋلانى مۇزەپپەر باشقا ئەسكەرلەر ئالەمدىن ئۆتۈپ تۆت يىلدىن كېيىن بۇ تارىخنى يېزىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ①

شۇتاپ قۇلاق تۆۋۋەمدە بۈيۈك تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ قىرمىش ئاتام مازىرى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ جايدىكى نۇرغۇن مازارات ئالىي زاراتگاھلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا مۇقەددەس ئورۇنلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورۇن شەكلى ۋە كارامەتلىرى زاھىر ۋە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ» ② دېگەن سۆزلىرى جاراڭلايتتى.

ۋەھالەنكى، موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» دە بۇ مازارنىڭ قانداقتۇر ئەرەبلەر شېھىت بولغان جاي بولماستىن، بەلكى يەرلىك ئۇيغۇرلار دەپنە قىلىنغان مازار ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئونسۇ ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ مېڭىپ تەكشى كەتكەن ئۆي ۋە تۇتاش كەتكەن ئېتىزلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن يىراقتىكى تاغ باغرىدا بىر پارچە بوستانلىق كۆرۈندى. تۆت ئەتراپى قاقاس تاغ ھەم ساي، پەقەت تاغنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان بىر دۆمبەللىك يېشىللىق بولۇپ ئاسمان پەلەك بوي تارتقان دەل - دەرەخلەر، ياپ - يېشىل ئوت - چۆپلەر، ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت سۇلار، سايرىشىپ تۇرغان قۇشلار... مازارغا ئۆزگىچە تۈس ئاتا قىلغان. ئۇ كىشىگە خۇددى رىۋايەتلەردىكى جەننەتنى ئەسلىتىپ كىشىگە ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

تارىخى بىر مىڭ 300 يىلدىن، كۆلىمى 600 مودىن ئاشىدىغان بۇ مازار ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن، خەلقىمىزگە ئېتىقاد ئاتا قىلغان مۇقەددەس جايدۇر.

قىرمىش ئاتام مازىرى يەنە دەرەخلىرىنىڭ

سىرلىقلىقى بىلەن داڭلىق، مازارنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئاق تېرەك، ئازغان، جىگدە، تاغ سۆگىتى، ياڭاق، زىرىق، ئۈرۈك ۋە ئۈجمە قاتارلىق 41 خىل دەرەخ تۈرى بولۇپ بىر قەدەر زىچ توپلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدون جۇڭگودا كەم ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق دەرەخ ھېسابلىنىدۇ.

مازاردا ھازىر يېشى مىڭ يىلدىن ئاشىدىغان 200 تۈپتىن ئارتۇق دەرەخ بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 1391 يىلغا يېتىدۇ. بۇ جاي ھازىر ئېلىمىزدە ئۆسىدىغان كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا ئەرمىدون ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن، دەرەخ يېشى ئەڭ ئۇزۇن بولغان جاي ھېسابلىنىدۇ.

1999 ـ يىللىق يۇنىەن خەلقئارا كۆرگەزمە يىغىنىدا بۇ جايدىن ئايرىلغان كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا ئەرمىدون دەسلەپكى قەدەمدە خەلقئارا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان.

تارىخى مىڭ يىلدىن ئاشىدىغان دەرەخلەر مازارنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئۇچرايدۇ. ئۇلار تارىخنىڭ نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، يەنىلا بۈك ـ باراقسانلىشىپ مەزمۇت تۇرماقتا. ئۈچ تۈپ مىڭ يىللىق «مىرزا تېرەك» قەدىمكى دەرەخلەرنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. ئەڭ چوڭ دەرەخنىڭ غول ئايلانمىسىغا ئۈچ كىشىنىڭ غۇلىچى يەتمەيدۇ. ئېگىزلىكى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يەردىكى مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ئاستىدا ئەر ـ ئاياللار ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىلدۈرۈپ قەسەم بېرىشسە، مەڭگۈلۈك ئىناق ھەمراھلاردىن بولۇپ ئائىلىسى خوشاللىققا چۆمىدىكەن. مازاردىكى بىر تۈپ غايەت زور يىلتىزسىز دەرەخ ئىنسانلارغا نامەلۇم بولغان نەچچە مىڭ يىللىق سىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قەدىمقى دەرەخ غولى يەر بېغىرلاپ ئېگىز ـ پەس ئۆسكەن بولۇپ، بۈك ـ باراقسانلىق ئىچىدە ئازراقلا قىسمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كىشىلەر بۇ دەرەخنى «بىر پارچە قوۋزىقى بىلەن ھايات قالغان دەرەخ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

قىرمىش ئاتام مازىرىدا يەنە كۆلىمى خېلى زور بولغان زارەتگاھلىق بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى يۇمىلاق شەكىللىك چوڭ گۈمبەز سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىنىنىڭ مەقبەرىسى بولۇپ، ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنماي تاشلىنىپ قالغىنىغا قارىماي يەنىلا قەدىمىي قەبرە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان.

قىرمىش ئاتام مازىرىنىڭ تۆت ئەتراپى چۆل ـ جەزىرە بولسىمۇ، لېكىن مازار ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ دەل ـ دەرەخلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ يەر يۈزىدىن 50 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتلاقلاردا 10 نەچچە ئورۇندا بۇلاق بولۇپ، بولۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ ئېگىز دەرەخ 23. 96 مېتىر كېلىدۇ. بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يىلتىز بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن قايسىسىنىڭ شاخ، قايسىسىنىڭ يىلتىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدۇ. مازارنىڭ جەنۇبىدا مىڭ يىلدىن ئاشقان بىر تۈپ كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدۇن بار بولۇپ، دەرەخ غولىنىڭ ئايلانمىسى يەتتە مېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئېلىمىزدە كەم ئۇچرايدىغان مىڭ يىللىق كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدون ھېسابلىنىدۇ.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مازارغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. بىز بىر توپ كىشى ئىشكتىن كىرىش بېلىتى ئالغاندىن كېيىن يول باشلىغۇچىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن مازارنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتۇق.

بايامقى ھاياجانلىرىم نەلەرگىدۇ غايىپ بولغانىدى. بۇ جاي مەن ئىلگىرى كۆرگەن مازارغا زادىلا ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. شۇ تاپ بۇ جاي قانداقتۇر ئىلگىرىكى سۈر ھەيۋىسىدىن قالغاندەك، بىر مۇقەددەس تاۋابگاھ ئەمەس، بەلكى شەھەرلەردىكى ھەر خىل كىشىلەر بىمالال كىرىپ ـ چىقىپ سەيلى قىلىدىغان ئاممۇۋى باغچىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

دېمىسىمۇ مازارنىڭ ئىچىگە ھازىر ھاراق، تاماكا سېتىش بوتكىلىرى، تېلېفون پەيدا قىلىنىپتۇ. كىگىز ئۆيلەر تىكىلىپتۇ، مېھمانخانىلار سېلىنىپتۇ، ئوفىيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش مەيدانى، بېلىق تۇتۇش كۆلچىكى، ئات ياكى تۆگە مىنىپ مەنزىرە ساياھەت قىلىش تۈرلىرى تەسىس قىلىنىپتۇ. شۇ تاپ بۇ يەردىن ئىلگىرىكىدەك قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشقان ئاۋازى ئەمەس، بەلكى كارا OK دىن ياڭرىغان قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدىكى ئالا ـ تاغىل ئىشقىي ناخشىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ھەيران قالدىم. نەچچە ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران

ـ چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىلدىكى دەل ـ دەرەخلىرىمىزگە قانداقتۇر «ئەرىش ئىشكى»، «ئەجدىها دەرەخ»، «ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى»، «ياۋا ئۆردەك راۋىقى»... دېگەندەك ئىسىملار قويۇلۇپ قاپتۇ. خەلقىمىز ئەڭ ئۇلۇغلايدىغان، مۇبارەك نامى مۇشۇ مازارنىڭ نامى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدىغان 1391 يىللىق تارىخقا ئىگە «كۆسەي تېرەك» ③ نىڭ نامى باشقا بىر نامدا ئاتىلىپتۇ.

مەيلى قەيەرگىلا قارىماڭ، قالايمىقان تاشلانغان بوتۇلكىلار، كونسېرۋا قۇتىلىرى، تاماكا قاپلىرى ۋە باشقا ئەسكى ـ تۈسكىي تاشلاندۇق نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. ھەتتا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ بەزى ناشايان ئىشلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالىدىكەن.

بۇ يەردە تاۋۇكا قورۇپ ھاراق ئىچىشۋاتقان، جۈپ ـ جۈپ بولۇپ بىخارامان تانسا ئويناۋاتقان، ئەپسانىۋى چاقچاقلارنى قىلىشىپ ئۆچكىدەك مەرشۋاتقان، كارا OK دا ئالا ـ تاغىل مۇھەببەت ناخشىلىرىنى توۋلىشىۋاتقان، كۆپ ـ كۈندۈزدە ئەۋرىتىنى ئوچۇق قويۇپ چوڭ ـ كىچىك ھاجەت قىلىۋاتقان، تېخى پىشمىغان كۆپ ـ كۆك ياڭاق غورىلىرىنى تاياقتا قېقىپ چۈشۈرۈۋاتقان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى خالىغانچە سۇندۇرۇۋاتقان، ھاراقنى سىڭدۈرەلمەي قۇسۇۋاتقان، تۈكۈرۈۋاتقان، مىشقىرۋاتقان... ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا ياقامنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. توۋا، بۇ قەيەر؟ بۇ بىر مازارغۇ ئاخىر؟!

ئەھۋال ئىگىلەش مەقسىتىدە بىر چاغلاردا بىزگە مازارنىڭ تارىخىنى بىر ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويغان پىشقەدەم شەيخنى سۈ تۇشۇش، ئوتۇن يېرىش دېگەندەك يۇكۈر ـ يېتىم ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي ئىشلەۋاتقان يېرىدىن مىڭبىر تەستە تاپتىم.

— ۋاي ئۇكام، نېمىسىنى دەيسىز بۇ ئىشلارنىڭ. جاھاندىكى ئىشلارغا قاراپ توۋا دېمەسلىككە نە چارە؟ — دېدى شەيخ يۈز تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، —ھازىر پېقىر قارا خىزمەتچىگە ئايلىنىپ كەتتى.

مازارنىڭ بۇ سابىق شەيخىدىن ئىگىلىشىمچە ئىلگىرى خەلقىمىز خېلىلا چوڭ بىلىپ ئۇلۇغلايدىغان بۇ مازارغا خوتەندىن تارتىپ ئىلىغىچە بولغان جايلاردىن كېلىدىغان تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ھەتتا دىنىي ئېتىقاد تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان يىللاردىمۇ خەلقىمىز بۇ مازارنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىكەن. بىتەرەت كىشىلەر بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ ئاياغ باسالمايدىكەن. تاۋاپچىلار ئاتىغىنىنى مازارغا قويىدىكەن، شەيخلەر تاماق ئېتىپ ئوبدان كۈتىدىكەن. تاۋاپچىلار مازارغا قايتا ـ قايتا ئىخلاس بىلدۈرۈپ شىپالىق بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ قايتىشىدىكەن. ئۇ چاغلاردا ئىشىك توسۇپ بىلەت سېتىپ كىرىم قىلىدىغان، تۆت ئەتراپنى قاشالاپ قويىدىغان ئىشلار بولمىسىمۇ، خەلقىمىز ئۆزلىكىدىن ئاڭلىق يوسۇندا بۇ مۇقەددەس جاينى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قوغداپ، ئاسراپ، ياشنىتىپ بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن.

1986 ـ يىلغا كەلگەندە ئونسۇ ناھىيىسى مالىيەدىن 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئاما يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ جۇغلاپ مازاردىكى مەسچىت رېمونت قىلىنغان. قورۇق تام ۋە تۆمۈر رىشاتكىلار ياسالغان. شۇندىن باشلاپ مازار رەسمىي تۈردە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. 1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋىلايەت دەرىجىلىك، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

مانا ئەمدىلىكتە قارىغا ئېتىش مەيدانى تەسىس قىلىنىپ بىر پاي ئوق مانچە كويدىن سېتىلغاچقا، قارىغا ئاتقۇچىلار ئۆزلىرى سېتىۋالغان ئوق بىلەن مازارغا جەننەت كەبى تۈس بېرىپ كېلىۋاتقان ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلىغان. نەتىجىدە سايرىشىپ تۇرىدىغان قۇشلارنىڭ بىر قىسمى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم قۇشلار بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشنى خالىماي ئامالسىز نەلەرگىدۇ غايىپ بولۇشقان.

شەيخنىڭ ئېيتىشىچە مۇشۇ مازاردىكى 1391 يىللىق تارىخقا ئىگە، قويۇق رىۋايەت تۈسىنى ئالغان قەدىمىي «كۆسەي تېرەك» مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىلا ئەسلىدىكىدىن 20 نەچچە مېتىر پەسلەپ كەتكەن.

ئويلىنىپ قالدىم. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەلبەتتە ياخشى ئىش. ئۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى. خۇددى جامائەت پىكرى ۋاستىلىرى تەرغىپ قىلغاندەك «ئۇ بىر شەكىلسىز بايلىق». ئەمما ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىش بەدىلىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلماسلىقى كېرەكتە!

مازارلار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبى

قىسمى. خەلقىمىز تارىختىن بۇيان ھەققانىيەت يولىدا شېھىت بولغان باھادىرلارنى، ئۇلۇغ دانىشمەن، ئەل سۆيەر ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ئۇلۇغلاپ ئۇلار دەپنە قىلىنغان جاينى مازار بىلىپ ئىخلاس قىلىپ كەلگەن. بۇ بىر خىل ئېسىل ئادەتتۇر. بىزدە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق ئېسىل ئادەتلەر بولمىغاندا ئىدى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، ئارسلانخان، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يۈسۈپ قېدىرخان، موللا مۇسا سايرامى، ئامانىسا خان... لاردەك بۈيۈك ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەقبەرىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلەرمىدى؟

مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام غەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا: «مەيلى قايسى زاماندا قايسى ھۆكۈمران قانداق مەقسەتتە قانداق پايدىلانغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، دىنىي ئېتىقاد نامرات، ئېزىلگەن، خورلانغان ئاۋامنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىد مەشئىلى، نالە ـ تەلپۈنۈش قوتۇبىسى، ئەقىدە ـ ئىشەنچە قۇدرىتى بولۇپ كەلگەن» ④ دەپ يازغانىدى. مازارمۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا خۇددى شۇنداق رول ئويناپ كەلگەن.

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۈگۈنكى كۈندە بازار ئىگىلىكىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى مۇقەددەس مازارلىرىمىزغىمۇ بۆسۈپ كىرىۋېتىپتۇ. مازارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزدىكى ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك بولسا كېرەك. چۈنكى بىزدە ئەلمىساقتىن تارتىپ مازار بىلەن بازار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەلگەن. ھازىرمۇ ئۇلاردا روشەن پەرق بولۇشى لازىم ئىدى!

بەزىلەر تېخى قىلچە تەپ تارتماي ئاخبارات ۋاستىلىرىدا «مازارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى» دەك «ئىسلاھاتنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى»نى ماختاپ ئۇچۇرماقتا. مەسىلەن: «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئۆكتەبىردىكى سانىنىڭ 1 ـ بېتىگە «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلدى» دېگەن چوڭ تېما ئاستىدا ‹قىرمىش ئاتام› مازىرى 9 ئاي ئىچىدە 28 مىڭ ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ 310 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى» ناملىق بىر خەۋەر بېرىلدى.

«خەۋەر» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئونسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ‹قىرمىش ئاتام› مازىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، ساياھەتچىلەرگە ئەتراپلىق، قىزغىن مۇلازىمەت مۇھىتى يارىتىلغانلىقتىن بۇيىل بۇ جايغا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇيىل 9 ـ ئايغىچە 28 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ 310 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى».

«خەۋەر» دە يېزىلىشىچە ئونسۇ ناھىيىسى بۇ يىل مەركەزنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ ـ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپتۇ. ھەر تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 320 مىڭ يۈەن راسخوت ئاجرىتىپ، مازارغا يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر سىمى تارتىپتۇ. 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ماشىنا توختىتىش مەيدانى ياساپتۇ. شۇنداقلا قەدىمىي دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ، مازارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يېڭىلاپ، زۆرۈر بولغان مۇلازىملىق تۈرلىرىنى تەسىس قىپتۇ. نەتىجىدە مازارغا كېلىپ ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلىپتۇ.

خوش، ئادەممۇ جىق كەپتۇ، نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇلمۇ كىرىم بوپتۇ. يەنە نېمە بوپتۇ؟ ئەجەبا ئەشۇ پۇللار بىلەن ئېتىپ تاشلانغان قۇشلارنى تىرىلدۈرگىلى، جەننەت كەبى، ئۇۋىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان قۇشلارنى چاقىرىپ ئەكەلگىلى بولارمۇ؟ ئەجەبا ئەشۇ پۇللار بىلەن قۇرۇپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلەرنى ياشارتقىلى، پاكارلاپ كەتكەن «كۆسەي تېرەك» نى ئېگىزلەتكىلى بولارمۇ؟ ئەجەبا كىشىلىرىمىز ئىلگىرى تاھارەت ئالماي تۇرۇپ قولىنى تىقىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئاشۇ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى بۈگۈنكى كۈندە مازارغا تەسىس قىلىنغان ئاممىۋى ھاجەتخانىدىكى پوق ـ سۈيدۈكلىرىنى تازىلايدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالغىنى قانداق ئىش؟... مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بۇ يەرنىڭ تەڭگە داۋا ساپ ھاۋاسى، سۈپ ـ سۈزۈك شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق سۇلىرى بۇلغىنىپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرى نابۇت بولۇپ كەتسە، ئاخىر بېرىپ خۇددى لوپنۇر كۆلىدەك پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالماسمۇ؟!

ۋاقتى كەلگەندە نەچچە مىليون پۇل خەجلەپمۇ ئادەمگە گۈزەل تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان بۇ گۈزەل، تەبىئىي

سەيلىگاھنى، ئانا تەبىئەتنىڭ ئەركىنسى بولغان ھەر خىل قۇشلارنى چېللاپمۇ ئەكەلدۈرگىلى بولماس.

شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم ئاچچىق بولۇپ قالدى. شۇئان ئىبراھىم ھەققۇلوۋنىڭ «ھەققە يېتىش سەپىرىدە كېتىۋاتقان كىشى تەبىئەت، جانلىق مەۋجۇدات، ھەتتاكى قۇرۇت ۋە قۇشلارغىمۇ يېقىن بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم. دۇرۇس، «بارلىق ۋە ئالەم بىلەن روشەن ئويغۇنلىششقا كىرىشىش — ئالىي سائادەتتۇر. تۇپراق دۇئاسى — ۋەتەن دۇئاسى، يەرگە سېغىنىش ئادىمىلىكنىڭ نۇرانە ئىپادىسى» دېگەن سۆزى ئېسىمگە چۈشتى.

بۇيەر بىلەن كۆڭلۈم پەرشان ھالدا خوشلاشتىم. قايتىش سەپىرىم بېرىش سەپىرىمدەك كۆڭۈللۈك بولمىدى. بوغۇزۇمغا قاتتىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ كۆز چاناقلىرىم ئاچچىق ياش بىلەن نەملەندى.

قىيالمىغان ھالدا كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىدىم. ھارغانسىرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان قىرمىش ئاتام مازىرى ئېغىر سۈكۈتكە پاتقان ھالدا مۈگدەپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى: «ئەي بەندىلەر، ئىنساپ قىلىڭلار» دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

نوقۇل پۇل ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى خەيرلىك بولىۋەرمەيدۇ. چىڭغىز ئايتماتوۋ توغرا ئېيتىدۇ: «پۇل ھەممىگە قادىر يەردە گۈزەللىك بولمايدۇ».

مىللىي مەدەنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ. دىيارىمىزدىكى مازارلار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل ئىپادىسى. رايونىمىزدا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا خېلىلا داڭلىق بولغان چوڭ مازاردىن 40 نەچچىسى بار. مازار دېمەك — بىرخىل مەدەنىيەت دېمەكتۇر. شۇڭا قىرمىش ئاتام مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. خوشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى بىزدىن تېخى مازارلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش بەدىلىگە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ياش ئالىملار چىقىۋاتىدۇ. دوكتور راھىلە داۋۇت ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

راھىلە داۋۇت بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى، مەملىكەت بويىچە داڭلىق فولكلورشۇناس جوڭ جىڭۋېن ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى مازارلار ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ 1998 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. مازار مەدەنىيەت جۈملىسىدىن بولمىغان بولسا پايتەختتىكى داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتى سانىلىدىغان بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مازار ھەققىدىكى تەتقىقات تۈرىنى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ تېمىسى قىلىپ تاللىسا، تەستىقلىمىغان بولاتتى.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە قاراتقان سىياسىتىدە: «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

1984 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ماقۇللىنىپ شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يولغا قويۇلغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوغداش ھوقۇقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. بىز قانۇندا بەلگىلەنگەن ماددىلار بويىچە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بولغان مازارلىرىمىزنى قوغداپ قېلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز!

تېلېۋىزورنى ئاچسام شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلەر پروگراممىسىدا مۇخبىر ئەسقەر ھېسامىدىن ئىشلىگەن «قىرمىش ئاتام ياش تۆكمەكتە» دېگەن پروگرامما كۆرسىتىلىۋېتىپتۇ. مانا، مەن تېخى بايىلا كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر، ئەنە، قالايمىقان تاشلانغان ھاراق بوتۇلكىلىرى، قۇتىلار، تاماكا قاپلىرى ۋە باشقا ئەسكى ـ تۈسكىلەر...

شۇئان، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇخبىرى دىلشاد غوجائەھمەدنىڭ «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى قانداق داڭلىق ماركا يارىتىش كېرەك» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ قۇرلار يادىمدىن كەچتى.

«ئۇ (شىنجاڭ ساياھەتچىلىك گورۇھىنىڭ لېدىرى ۋاڭ ۋېيپىڭنى دېمەكچى) بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بۇلتۇر بىز چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى بىر قىسىم ساياھەت رايونلىرىغا ئاپاردۇق.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچى مۇھىت ئاسرىغۇچى ئىكەن. بۇ ئۈچەيلەن ساياھەت رايونىغا بىرىپلا ئەتراپتىكى مۇھىتنى كۆرۈپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا قايتتى. «نېمىشقا قايتىسىلەر؟»، دەپ سورىساق، ئۇلار: «بىزنىڭ بۇنداق چىرايلىق مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنىنى كۆرگىمىز يوق»، دېدى. شىنجاڭغا 12 قېتىم كەلگەن ئەنگىلىيىلىك بىر ئايال ساياھەتچى تېلىكامېراسىنى ئېلىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى پۈتۈنلەي ئايلىنىپ چىقىپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ماڭا خەت يېزىپتۇ. ئۇ خېتىدە: «نېمە ئۈچۈن تېلىكامېراغا ئېلىنغان شىنجاڭنىڭ بارلىق گۈزەل مەنزىرە رايونلىرى كۆرۈنۈشىدە كۆن نۇرىدا پارقىرىغان قۇرۇق هاراق بوتۇلكىلىرىنى كۆرىمەن؟»، دەپتۇ. بۇ ھەقىقەتمۇ ئادەمنى ئويغا سالىدىغان سوئال.

دېمەك، بىزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىمىزنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشىدا ھەقىقەتەن مەسىلە مەۋجۇت. ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشتا بىز يىراقنى ئويلىشىمىز، يەنى مۇھىم نۇقتا — مۇھىتنى ئاسراش مەسىلىسىنى چوقۇم ئويلىشىمىز كېرەك» ⑤.

ئېخىمۇ ئېچىنارلىقى شۇنىسى ناھىيىلىك هاراق زاۋۇدى قىلچە تەپ تارتماي ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان يۇرۇشلۇك هاراقلارغا «قىرمىش ئاتام مازىرى هارىقى» دەپ نام بېرىپ تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىدا ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق بازارلاتماقتا.

شۇ تاپتا «قىرمىش ئاتام» مازىرىنىڭ خىتابىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم:

«ئىنساپ قىلىڭلار........»

ئىزاھلار:

① «ئۇنسۇ» مەجمۇئەسىنىڭ 2000 ـ يىل 1 ـ سانى (ئومۇمىي 23 ـ سانى) نىڭ 32 ـ، 33 ـ بەتلىرى.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 2. نەشرى، 652 ـ بەت.

③ رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىن قولىدىكى ھاسىنى كۆسەي ئورنىدا ئىشلەتكەندىن كېيىن يەرگە قاداپ قويغاندىن كېيىن تېرەك بولۇپ كۆكلىگەنىكەن ھەم «كۆسەي تېرەك» دەپ ئاتالغانىكەن.

④ يالقۇن روزى: «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 161 ـ بەتتىكى نەقىلدىن.

⑤ «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانى 3 ـ بەت.

(ئاپتور ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

## كېچىكىش

جون ئايروپىلان ساقلاۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەنلىكتىن، ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۈستىگە چىقتى. ماشىنا ئېكرانىدا شۇ ھامان: «ئىسمىڭىز جون، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز 87 كىلوگرام، نيۇيوركقا بارىسىز» دېگەن خەتلەر كۆرۈندى. بۇنىڭدىن ناھايىتى ھەيران قالغان جون ئون مىنۇتتىن كېيىن قارا كۆزەينىكىنى تاقاپ يەنە ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئېكرانىدا: «ئىسمىڭىز جون، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز 87 كىلوگرام، نيۇيوركقا بارىسىز» دېگەن خەت كۆرۈندى. بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھەيران قالغان جون تازلىق ئۆيىگە كىرىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ، كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ يەنە ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئېكرانىدا شۇ ھامان: «سىز يەنىلا شۇ جون، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز يەنىلا 87 كىلوگرام، سىز ئولتۇرماقچى بولغان ئايروپىلان، بۇندىن 20 مىنۇت ئىلگىرى ئۇچۇپ كەتتى» دېگەن خەتلەر پەيدا بولدى.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

# تەبىرنامە•

## ئۈچىنچى باب

**ئاسمانى، ئاسماننىڭ بۇرۇجلىرىنى، كۈن تۇتۇلغان، قار ياققان، يامغۇر ياغقاننى ۋە مۆلدۈرنى، مۇز سوغوقنى ۋە يۇلتۇزلارنى، ئاينى، چاقماق چېقىلغاننى ۋە شامالنى كۆرمەكنىڭ باياني:**

ھەركىم ئاسماندا ئۆزىنى كۆرسە مەرتىۋىسى يۇقىرى بولۇر ھەمدە ئۇلۇغ بولۇر، رىسقى كۆپ بولۇر. ھەر كىشى ئاسمانغا چىقىپ يېنىپ كەلمىسە، بۇ ئۆلۈم نىشانىسىدۇر. ئەگەر ئاسماندىن يەرگە يىقىلسا، بۇ نىممەت قەدرىنىڭ نىشانىنى بىلمەسلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئاسماندا يۈرسە، ئاللا تائالانىڭ دوستى بولۇر. ھەركىم مۇھىم خەت يېزىلغان ياغاچ تاختىنى چۈشىدە كۆرسە، ئۇلۇغ، دانا بولۇر. ھەرخىل كىتابلارنى ئۆگىنەر، ھەركىم چۈشىدە ئاپتاپنى كۆرسە توققۇز ۋەجە باردۇر. ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇرلاركى، سەلتەنەت داۋاملىشۇر، رىئىس ۋە ئالىملار ئادىل ۋە روشەن بولۇر. ئاتا ـ ئانا، ئەر ـ ئايال دالالەت قىلۇر. ئەگەر ئاپتاپ بۇ كىشىگە سەجدە قىلىپ چۈش كۆرسە، پادىشاھ بولۇر ۋە ئۇلۇغ بولۇر، ئىززەت ۋە دۆلەت تاپار. ناۋادا پەرزەنت تەلپى بولسا، ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرەر. پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشى ياخشى بولۇر. ئەگەر ئاپتاپ بۇ كىشىنى قۇچاغلاپ چۈش كۆرسە ياكى ئۆيىگە كىرسە ھەم يۇقارقى تەبىر كوپايىدۇر.

ئەگەر ئاپتاپنىڭ نۇرى بولۇپ ئىسسىقى بولماي چۈش كۆرسە، پادىشاھ ئادىل بولۇر، خالايىق راھەت كۆرەر، ئەگەر ئاپتاپ تۇتۇلسە، ياكى قارا بولسا ۋە ياكى ئىككى پارە بولسا شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىغا ئاپەت يېتەر، ئەگەر ئاپتاپنىڭ نۇرىدىن كىشىگە زەخمە يەتسە پادىشاھىغا ئىرشىش مۇيەسسەر بولۇر. ھەركىم چۈشىدە ئاينى كۆرسە، ئۇن ئالتە تۇرلۇك ۋەج باردۇر. ھۆكۈمالاردىن بولۇر، ۋەزىر بولۇر ياكى ۋەزىرنىڭ دوستى بولۇر، ياكى ۋەزىرگە خىزمەتكار بولۇر، ياكى ۋەزىرنىڭكىدەك مال ـ مۈلۈك قولىغا كىرەر. شاراپەت تاپار ياكى قول ـ دېدەك بولۇر، ياكى تەلۋى ھاسىل بولۇر، ھۆرمەت تاپار، ياكى پادىشاھ جەبىر قىلۇر؛ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇر، ئەر، خوتونىدىن ياخشىلىق كۆرەر؛ ياكى پەرزەنت ۋۇجۇتقا كېلەر، ئەگەر ئاي بۇ كىشىگە سەجدە قىلىپ چۈش كۆرسە ياكى چۈشىدە ئاي قوينىغا ئالسا، ياكى ئۆيىگە كىرسە، ئەگەر ئايالى بولسا ئۇنداقتا پادىشاھ بولۇر، مەرتىۋىسى تولىمۇ زىيادە بولۇر، ئەگەر ئۇلۇغ بولمىسا مال ـ دۇنيا تاپار، ئىشلىرى تېخىمۇ يۈرۈشەر، ئەگەر نايىب بولسا سالامەت بولۇر، ناۋادا ئۇ كىشى غېرىپ بولسا مال ـ دۇنيا تاپار، ئەگەر پەرزەنت يۈزى كۆرۈش تەلۋى بولسا، پەرزەنتىنىڭ بەختى ۋۇجۇتقا كېلۇر، ياخشى خولۇقلۇق دوست تاپار. ئەگەر ئاي نۇرلۇق بولسا، خالايىققا پادىشاھ ئەدلۇ ـ ئادالەت كۆرستەر. ئەگەر ئاي تۇتۇلسا خالايىققا زۇلۇم يېتەر؛ ناۋادا چۈشىدە ئاينى كۈن دەپ، ياكى كۈننى ئاي دەپ چۈش كۆرسىلا بىر يەردە خۇسۇمەت (جىدەل ـ ماجرا) بولۇر؛ ھەركىم چۈشىدە يۇلتۇزلارنى كۆرسە، بۇنىڭغا بىرقانچە تۇرلۇك تەبىر ئېيتىپتۇرلار، بۇرادەرلەر ۋە پەرزەنتلەر، شاگىرتلەر، پادىشاھلار، خىزمەتكارلار ۋە پۇقرالار، ئەگەر بۇ يۇلتۇزلار، بۇ كىشلەرنىڭ كانارىغا ياكى ئۆيىگە كىرسە ئىززەت ۋە ئابرۇي، ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولۇر، ياكى ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرەر. ئەگەر ئۆزى تونۇيدىغان يولتۇزنى چۈشىدە

---

• بېشى ئالدىنقى ساندا

كۆرسە، ناھايىتى كۆپ بەخت ـ سائادەت كۆرەر. ھەركىم چۈشىدە زوھەل يۇلتۇزىنى كۆرسە، تولىمۇ ئىززەتلىك بولۇر، پادىشاھلار ئىنتىمۇ ئۇلۇغ بولۇر. ھەزرىتى دانىيال ئەلەيھىسسالام ئىبنى شىرىن رەھمەتىگە ئېيتىپتۇرلەر، خىزمەتكار بولۇرسەن ياكى بىر شەھەرگە قازى بولۇرسەن ياكى بىر مەملىكەتكە ۋەزىر ياكى ھۆرمەتلىك دېھقان بولۇرسەن. ھەركىم چۈشىدە مۇشتىرى يۇلتۇزىنى كۆرسە، باش قوماندان بولۇر ياكى ئۇلۇغ ياساۋۇل بولۇر. ھەركىم مىررىخ يۇلتۇزىنى چۈشىدە كۆرسە، پادىشاھقا ياردەمچى بولۇر ياكى ۋەزىر بولۇر ۋە ياكى قازى بولۇر. ھەركىم زۆھرە يۇلتۇزىنى چۈشىدە كۆرسە، ساھىپجامال خوتۇن ئالۇر ياكى نەغمە ـ ناۋا ئۆگىنەر، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر. ھەركىم ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىنى چۈشىدە كۆرسە، دەرىجىسى يۇقىرى بولۇر، ئاستېرنومىيە ئۆگىنەر، ئەگەر بۇرجلارنى يەردە كۆرسە، مەرتىۋىسى تۆۋەن بولۇر. ھەر كىشى ھەمەل (قوزا) بورجىنى چۈشىدە كۆرسە، قولىغا كۆپ مال ـ دۇنيا كىرەر.

ھەركىم چۈشىدە سەۋر (ئۆي) بۇرجىنى كۆرسە، ئىشى ياخشى بولۇر، مەنسەپ، دەرىجىگە ئېرىشەر؛ ھەركىم چۈشىدە جەۋزا (قوشكېزەك) بۇرجىنى كۆرسە، بەخت ـ سائادەت كۆرەر ۋە سالامەت بولۇر؛ ھەركىم چۈشىدە سەراتان (تىمساھ) بۇرجىنى كۆرسە، ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇر؛ ھەركىم چۈشىدە ئەسەد (يولۋاس) بۇرجىنى كۆرسە، مال ـ دۆلەت ئىگىسى بولۇر، ھەركىم چۈشىدە مىزان (تارازا) بۇرۇجىنى كۆرسە، شەرمى ـ ھايالىق بولۇر، ھەركىم چۈشىدە ئەقرەب (چايان) بۇرجىنى كۆرسە، دۈشمەنلىرى كۆپ بولۇر، ھەركىم چۈشىدە قەۋس (ياچاق) بۇرجىنى كۆرسە، ۋەزىر بولۇر. ھەركىم چۈشىدە جەدىي (ئۇغلاق) بۇرجىنى كۆرسە، خەزىنىچى بولۇر، ھەركىم چۈشىدە دەلۋە (سوغا) بۇرجىنى كۆرسە، بەخت ـ سائادەتلىك بولۇر، ھەركىم ھاۋا تۇتۇلۇپ چۈش كۆرسە، ھېكمەت دەرياسىغا چۆمۈلۈر ۋە رەھمەتكە ئېرىشەر، دۆلەت تاپار، ئەگەر كىشى بۇلۇتقا مىنىپ چۈش كۆرسە، ناۋادا سالاھىيىتى بولسا ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇر، مەرتىۋە تاپار ھەم مۇرادى ھاسىل بولۇر، ئەگەر بىر توپ بۇلۇتنى قولىغا ئېلىپ چۈش كۆرسە، ئىلىم ـ ھېكمەت تاپار. ئەگەر چۈشىدە قارا بۇلۇتنى كۆرسە، قورقۇنۇچ باسار ۋە ياخشى سۆز ئاڭلىماس. ئەگەر چۈشىدە ئاق بۇلۇتنى كۆرسە، ئەمىنلىك تاپار، نەرسە ـ كېرەك ئەرزان بولۇر، چۈشىدە ھاۋا گۈلدۈرلىگەننى كۆرسە غەزەپ، بالا ـ قازا، پىتنە ـ پاسات، قەھەتچىلىك پەيدا بولۇر، ئەگەر چۈشىدە چاقماق چېقىلغاننى كۆرسە، خەلق ئاممىسىغا پادىشاھتىن زىيان ـ زەخمەت يېتەر. ھەركىم چۈشىدە يامغۇر ياققاننى كۆرسە، ئۇنىڭدا ئون ئىككى ۋەجە بار دەپ تەبىر ئېيتىلغاندۇر. رەھمەت ۋە بەركەت بولۇر، ئەگەر ھەممە يەرگە يامغۇر يېغىپ چۈش كۆرسە، نازى ـ نىممەت كۆپ بولۇر، ئاسماندىن رەھمەت ياغار، ئەگەر مەھەللىگە يامغۇر يېغىپ، باشقا يەرگە يامغۇر ياغماي چۈش كۆرسە، شۇ مەھەللىگە لەشكەر كېلەر ھەمدە كۆپ زۇلۇم ـ سىتەم قىلۇر، ئەگەر يامغۇر سىم ـ سىم ياغسا، ياخشىلىقتىن بىشارەت بېرەر. ئەگەر يامغۇر بوران ئارىلاش ياغقان بولسا پىتنە ـ پاسات ۋە غەۋغا پەيدا بولۇر.

ھەركىم شامالنى چۈشىدە كۆرسە، ئۇنىڭدا توققۇز ۋەج بار دۇر. بەزىلەر ئېيتىپتۇرلار، مەرتىۋىسى يۇقىرى بولۇر، كۆپ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر، ئەمما ئۆلۈم ـ يېتىم تولا بولۇر، كېسەلى كۆپ بولۇر ئەمما ئاخىرىدا شىپا تاپار، ئەگەر شامالدا ئولتۇرۇپ چۈش كۆرسە، ياكى شامال بۇ كىشىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىسا، ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇر، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش قابىلىيىتى بولسا، ھەممە مەقسىدى تامام ھاسىل بولار. ئەگەر مەيىن شامال يۈزىگە ياكى بېشىغا تەگسە ياكى سارايغا كىرسە ناھايىتى كۆپ راھەتتۇر شۇنداقلا ئاسماندىن نازى ـ نىممەتكە ئېرىشەر، رىسقى كۆپ بولۇر. ئەگەر توپا ئارىلاش شامال چىقسا پايدا ياردۇر ياكى قاتتىق كېسەل بولۇر ياكى بولمىسا لەشكەرلەردىن خېيىم ـ خەتەر كېلەر، ناۋادا قاتتىق بوران بولسا، دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلىسا، ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقار، ئاۋام خەلق ناھايىتى توق بولۇر. ھەركىم چۈشىدە سالقىن شامالنى كۆرسە، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلۇر ۋە دۆلەتمەن بولۇر، چۈشىدە خارەزىم ۋە بابىل ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن شامالنى كۆرسە، دۈشمەنلىرى ھالەك بولۇر، يەنى شامال شىمال تەرەپتىن جەنۇپ تەرەپكە چىققاننى چۈشىدە كۆرسە، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرەر، خۇشال بولۇپ، غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇر.

ناۋادا ئۇ كىشى ئاغرىق بولسا كېسىلى شىپا تاپار، بەرىكەت، ياخشىلىق ۋە پاراۋان بولۇر، ئەگەر چۈشىدە جەنۇپ تەرەپتىن شىمال تەرەپكە شامال چىقىپ چۈش

كۆرسە، نازۇ ـ نىممەتكە ئېرىشەر ھەمدە راھەت كۆرەر.

ھەركىم چۈشىدە مۆلدۈر ياققاننى كۆرسە، ۋاقتىدا بولسا نازۇ ـ نىممەتكە ئېرىشەر ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرەر، ھالالدىن رىسق تاپار، ئەگەر ۋاقتىدا بولمىسا لەشكەرلەر ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات بولۇر، ھەركىم مۇز تالىشىپ ياكى مۇز يىغىپ چۈش كۆرسە، شات ـ خورام بولۇر، ھالالدىن مال ـ دۇنيا تاپار. قار ـ مۇز ئارىلاش ياغسا، بىمارلىق ۋە بالا ـ قازاغا، پىتنە ـ پاساتقا دەلىل قىلىنۇر.

ئەگەر قار ـ يامغۇر بىر يەرگە يىغىپ چۈش كۆرسە، ھالالدىن مال ـ دۇنيا توپلار. خۇددى جانانىدەك ياشار ۋە كۆپ مەنپەئەت كۆرەر. ئەگەر چۈشىدە مۇز يىسە ھالالدىن مال ـ دۇنيا تاپار ۋە كۆپ مىراسقا ئىگە بولۇر، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەر. ئەگەر يامغۇر، شامال ۋە توپا ئارىلاش ياققاننى چۈشىدە كۆرسە، شۇ شەھەردە بالا ـ قازا ۋە پىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇر، لەشكەرلەر كىلۇر، قەھەتچىلىك ۋە بالا ـ قازا ئىنتايىن كۆپ بولۇر.

## دەريا، ئېرىق، كۆل، قۇدۇق، كارىز، بۇلاق ۋە كىمە قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرمەكنىڭ بايانى

ھەركىم چۈشىدە دەريانى كۆرسە، سۇلتانلىق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشۇر. ئەگەر دەريادىن سۇ ئىچىپ چۈش كۆرسە، ھەممە مۇرادى ھاسىل بولۇر، ئىككىلا دۇنيادا ئەزىز، بوزرۇكۋار بولۇر، لايىقى بولغان بولسا ئېخمۇ ئۇلۇغ بولۇر، ئەگەر لايىقى بولمىسا خەلق ئارىسىدا ياخشى دوست تاپار ۋە مەشھۇر ھەم ئۇلۇغ بولۇر، نازۇ ـ نىممەتكە ئېرىشەر، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرەر، ئەگەر چۈشىدە دەريادىن جاۋاھىر، ياكى سەدەپكە ئوخشاش قىممەتلىك نەرسىلەرنى تېپىۋالغان بولسا، ياكى بولمىسا دەريادا غۇسلى قىلىپ چۈش كۆرگەن بولسا، نازو ـ نىممەتكە ئېرىشەر، پادىشاھلاردىن ياكى ئۇلۇغ كىشىلەردىن ياخشىلىق كۆرەر، ئەگەر دەريا سۈيى تاتلىق بولسا ئوبدانىدۇر، ناۋادا ئاچچىق، شورلۇق بولسا يامانلىقتىن بىشارەت بېرەر. ئەگەر چۈشىدە چوڭ ئېرىقنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن سۇ ئىچسە، ياكى ئۇنىڭدا غۇسلى قىلسا، ناۋادا سۈيى ساپ بولسا، سۈزۈك بولسا ھەممە مۇرات ـ مەقسىدى ھاسىل بولۇر، ئۇلۇغلاردىن ياخشىلىق كۆرەر، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇر، ئۇلۇغ بولۇر، مال ـ دۇنياغا ئېرىشەر، ئەگەر ئېرىقتا غۇسلى قىلىپ چۈش كۆرسە، غەمدىن خالاس بولۇر، ئەگەر ئاغرىق بولسا كېسىلى شىپا تاپار، ئەگەر ئېرىقتىن بىر نەرسە ئېلىپ چۈش كۆرسە، مال ـ دۇنياغا ئېرىشەر، ئەگەر ئېرىق قۇرۇق بولسا ھەج ـ تاۋاپ قىلۇر.

ئەگەر كىچىك ئېرىقتىن سۇ ئىچىپ چۈش كۆرسە، باي بولۇر ھەم كۈچلۈك بولۇر.

ئەگەر چۈشىدە ئېرىققا تەرەت قىلىپ چۈش كۆرسە، گۇناھىغا تۆۋە قىلماق ۋاجىپ. سۈچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ چۈش كۆرسە، ھەممە ئىشلىرىغا تەسىر قىلۇر، ئەگەر سۇ لاي بولسا، ھارامدىن مال ـ دۇنيا تاپار، ئەگەر لاي سۇ، سۈزۈك سۇ بىلەن بىرلەشكەن بولسا، ئىككىلا دۇنيانىڭ نازۇ ـ نىممەتلىرىگە ئىگە بولۇر، چۈشىدە كۆلنى كۆرسە، باي بولۇر. ئەگەر ھەركىم چۈشىدە كۆلدىن سۇ ئىچسە، ياكى سۇ ئالسا پاك دىل كىشىدىن كۆپ مال ـ دۇنياغا ئېرىشەر. ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇر، ساپ ـ پاكىز سۇ بولسا خۇشال بولۇر، مال مۈلكى ھالال بولۇر، ئەگەر سۇ قانچىكى سۈزۈك بولسا، كۆڭلىدە ھېچقانداق قورقۇنچ بولمىسا، ئىشلىرى تېخىمۇ يۈرۈشەر، ئەگەر كۆڭلىدە قورقۇنچە بولسا، دۈشمىنىدىن قوتۇلۇر.

ئەگەر كىمىنى چۈشىدە كۆرسە، غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇر، ئەگەر چۈشىدە كىمىگە چىققان بولسا، بارلىق غەم قايغۇدىن خالاس بولۇر، ئۆزى ۋە ھەممە ئەۋلادى باي بولۇر، يۈز ـ ئابرۇيى زىيادە بولۇر، چوڭ دۆلەتكە مۇيەسسەر بولۇر. ئەگەر ئەمەل ـ مەنسۇپىدىن قالغان بولسا، قايتىدىن قولىغا كېلەر، شۇنداقلا ئوغۇل پەرزەنت كۆرەر، چۈشىدە كېمە كۆرسە، دانىيال پەيغەمبەرنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ، ئالىم بولۇر، ئۇلۇغلاردىن بولۇر.

كارىزنى چۈشىدە كۆرسە، مەرتىۋىسى زىيادە بولۇر، ئەگەر كىشى قۇدۇققا ياكى كارىزغا يىقىلىپ چۈش كۆرسە، دۈشمەنلىرىدىن ھەزەر قىلغاي، ئەگەر چۈشىدە قۇدۇقتىن سۇ تارتسا ياكى سۇ ئىچكەن بولسا، بىر ئۇلۇغ كىشىدىن ياكى ئالىمدىن مەنپەئەت كۆرەر، ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنەر، ئەگەر كارىزدىن سۇ چىقىرىپ بۇ سۇنى يەنە بىر كارىزغا قۇيۇپ چۈش كۆرسە، پايدا ـ مەنپەئەت كۆرەر، قولىغا كۆپ مال ـ دۇنيا كىرەر.

### شەمئى (شام)، چىراغ، قەندىل (شامدان) پانۇس، ئوت، تۈتۈن، كۆمۈر، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنى كۆرمەكنىڭ بايانى

ھەر كىشى يورۇقلۇقنى چۈشىدە كۆرسە، توغرا يولغا ماڭار، مۈشكۈللىرى ئاسان بولۇر، داۋاملىق ئاللا تائالانىڭ يادىدا بولۇر، ھەركىم چۈشىدە قاراڭغۇلۇقنى كۆرسە، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتەر ۋە كۆپۈرلۇق بولۇر، ئەگەر كىشى قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ چۈش كۆرسە، ھەممە غەم ـ غۇسسىلاردىن خالاس بولۇر، باي ۋە كۈچلۈك بولۇر، ھەممە ئىشلىرى كەڭ ـ كۈشادە بولۇر، ھەر كىشى چۈشىدە ئوتنى كۆرسە، تەبىر ئېيتقۇچىلار يەتتە ـ سەكىز خىل تەبىر ئېيتىپتۇرلار: بەزىسى ئازاپ، غەم ـ غۇسسە، ئۆلۈم ۋەسۋەسىسى، يامان سۆز، غەزەپ نەپرىتكە قالۇر، ئىشلىرى ئىلگىرى بولماس. بالا ـ قازا تولا بولۇر، كۆيگەن ئوت ئاغرىق ۋە بىر خىل قورقۇنۇچتىن دالالەت بېرەر دەپتۇرلار. يەنە بەزىلىرى قورقۇنۇشتىن خالاس بولۇپ، ئەمىن تاپۇر، نەسىھەت ئاڭلار، ھالالدىن مال ـ دۇنيا توپلار، يولى ئېچىلۇر، پايدا مەنپەئەت كۆرەر، رىسقى كۆپ بولۇر،— دەپ تەبىر ئېيتىپتۇرلار. چۈشىدە تۈتۈنسىز ئوتنى كۆرسە، غەم ـ قايغۇدىن خالاس بولۇر، پادىشاھلارغا يېقىن بولۇر.

پادىشاھلاردىن ۋە پادىشاھلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئىنتايىن كۆپ مەنپەت كۆرەر. رىسقى تولا بولۇر، ئەگەر كىشى ئوت قالاپ چۈش كۆرسە، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر، رىسققا ئىگە بولۇر، ئەگەر ئوتنى يەپ چۈش كۆرسە، يېمەكلىك نىسىپ بولۇر، ئەگەر ئوتقا بىر نەرسىنى قۇشۇپ يەپ چۈش كۆرسە، ياخشى سۆز ئىشتمەس ياكى كېسەل بولۇر، ئەگەر چۈشىدە بىر يەرگە ئوت كېتىپ چۈش كۆرسە، ياكى ئوتقا يىقىلىپ كەتسە، ئۆلۈم ـ يېتىم خەۋپى باردۇر، ئەگەر بۇ ئوتنىڭ تۈتىنى بولسا قورقۇنۇچ ۋە خېيمە ـ خەتەرنى پادىشاھتىن كۆرەر، ئەگەر بازارغا ئوت كېتىپ چۈش كۆرسە، بازاردىكى تىجارەتچىلەر سودا ـ سېتىقتا تولا يالغان سۆزلەپ، خىيانەتچىلىك قىلغاندۇر، ئۇلار ئەلۋەتتە پادىشاھلاردىن ياخشىلىق كۆرمەس، ئازاپ كۈلپەتكە قالۇر.

ئەگەر تۈتۈننىڭ بۇ تەرىپىدە ئوت كۆيگەننى چۈشىدە كۆرسە، خەلق ئارىسىدا ئىلىم ـ ھېكمەت ئۇرىغى چېچىلۇر، ئەگەر چۈشىدە يولدىن باشقا يەردە ئوت يانغاننى كۆرسە، دۇنيانىڭ يامانلىغىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر كىشى ئۆيگە ئوت كېتىپ چۈش كۆرسە، مۇسىبەت يېتەر. ھارامدىن مال ـ دۇنيا تاپار. كۆيگەن ئوت ۋە مال ـ دۇنياسى ھارامدۇر، ئەگەر يەردىن ئوت ئېلىپ، بىرى يەردە ئوت كۆيۈپ چۈش كۆرسە، كۆڭلىگە ئازار يېتەر، پىتنە ـ پاسات ۋە بالا ـ قازا بولۇر.

شام ۋە چىراغدىكى ئوتنى چۈشىدە كۆرسە، بۇنىڭغا تۆت خىل تەبىر ئېيتىلغاندۇر. يەنى قازى، سۇلتان قاتارلىقلاردىن ئۇنىڭغا ياخشىلىق كەلمەس، يەنە بەزىلەر يۇقىرىقىدەك ھالەتنى چۈشىدە كۆرسە، ۋىلايەت ئىگىسى بولۇر، شاد ـ خورام بولۇر ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنەر، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەر، دۆلەتمەن بولۇر ۋە كېنىزەك ئالۇر ياكى خۇشچىراي خوتۇن ئالۇر، ئەگەر ئايال كىشى يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرسە، تەككەن ئېرى خۇشخۇي بولۇر، ئەگەر ئامتى بولسا ئاللاتائالا خۇش چىراي ئوغۇل ئاتا قىلۇر. ھەركىم ئەگەر ۋەتىنىدىن ئايرىلغان بولسا، ئۆي ـ ۋاقىغا ئىگە بولۇر، ئەگەر دەرۋىش بولسا باي، كۈچلۈك بولۇر، قىلغان ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇر، ئەگەر سودىگەر بولسا، سەپەردە كۆپلەپ پايدا كۆرەر، ئەگەر ئۆز شەھرىدە بولسا، گۈزەل ۋە ياخشى كېنىزەك ئالۇر. ئەگەر شەھەردە ياكى بىر مەھەللىدە ياكى بىر جايدا شام ياكى چىراغ ياندۇرۇپ چۈش كۆرسە، ياكى ئوت كۆرسە، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادىل بولۇر، شۇ شەھەرنىڭ خەلقىمۇ ئەدلۇ ـ ئادالەتلىك بولۇر، خۇداگۇيلار پەرھىزكار بولۇر، شاد ـ خوراملىق ۋە نازۇ ـ نىممەتلەر كۆپ، پاراۋانلىق، راھەت ـ پاراغەت كۆپ بولۇر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت.**

مۇھەررىرى: **مۇختار مۇھەممەد**

****************
****************

# گومۇش بالا

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا «گوموش» ئىسىملىك بىر بالا بولغان ئىكەن. «گوموش» مۇ ئۆز ئىسمىغا لايىق گوموش ئىكەن. بىر كۈنى ئانىسى گوموشقا:

— بالام، ماۋۇ تەڭگىگە يىڭنە ئەكەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ. گوموش بازاردىن يىڭنە سېتىۋاپتۇ ھەم ئۇنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا يىڭنە يوق. ئەسلىدە گوموشنىڭ يانچۇقى تۆشۈك ئىكەن. ئانا بالىسىغا كايىپ:

— بالام، يىڭنە دېگەننىمۇ يانچۇققا سالامدۇ، چاپاننىڭ يېڭىگە ئىلىندۇرۇپ ئەكەلسەڭ چۈشۈپ قالمايتتى، — دەپتۇ.

— ماقۇل ئانا، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلاي، — دەپتۇ گوموش.

بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسى گوموشقا قوشنىلارنىڭكىدىن قېتىق ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. گوموش بىر چىنە قېتىق ئېلىپتۇ ھەم قېتىقنى يېڭىگە تۆكۈپ ئېلىپ كەپتۇ.

— بالام، ئەكەلگەن قېتىقىڭ قېنى؟ — ئانىسى گوموشتىن سوراپتۇ. گومۇش قېتىق يۇقى بىلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قېتىقنى يېڭىمگە قۇيۇپ ئەكەلسەم، بىلەكلىرىمدىن يەرگە ساقىپ بولدى، — دەپتۇ.

— بالام، قېتىق دېگەننى يېڭىدا ئەمەس، چىنىدا ياكى ئاياقتا ئېلىپ كېلىسەن، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ ئانىسى.

— ماقۇل ئانا، بۇنىڭدىن كىيىن شۇنداق قىلاي، — دەپتۇ گومۇش. كېچىسى گومۇشلارنىڭ بېغىغا ئوغرى كىرىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئانىسى گومۇشقا:

— بالام، بېغىمىزغا ئوغرى كىرىدىغان بولۇپ قالدى. سايىم چوڭ داداڭنىڭ ئىتىنى ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. گومۇش «ماقۇل» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ قايتاشىدا ئىتنى بىر چىنىغا سېلىپ مېڭىپتۇ، ئىت چىنىغا پاتمىغاچقا گومۇش ئىتنىڭ بېشىنى تۆۋەنگە قارىتىپ راسا بېسىپتۇ.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا، ئىت ئاللىقاچان ئۆلگەن. ئانىسى گومۇشنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىدىن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ئۇ يەنە ئوغلىغا:

— ھەي ساراڭ بالام، ئىتنىمۇ چىنىغا سېلىپ كەلگەن بارمۇ؟ ئىت دېگەننى ئارغامچا ياكى زەنجىردە باغلاپ ئەكەلمەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— ماقۇل ئانا، — دەپتۇ گومۇش، — بۇنىڭدىن كېيىن دېگىنىڭىزدەك قىلاي. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسى گومۇشقا:

— بالام، بازاردىن تۆت جىڭ گۆش ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ. گومۇش بازاردىن تۆت جىڭ گۆش ئېلىپ ئۇنى بىر ئارغامچىغا باغلاپ، سۆرەپ مېڭىپتۇ.

يولدا بىرقانچە ئىت گۆشنى يەۋېلىپ، پەقەت سۆڭەكلىرىلا قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. گومۇش ئۆيگە بىرنەچچە سۆڭەكنى ئۇزۇن بىر ئارغامچىدا سۆرىگىنىچە كىرىپتۇ.

— بالام، ئەكەلگەن گۆشىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

— ئىتلار يەپ كەتتى، قالغىنى مۇشۇ، — دەپتۇ گومۇش سۆڭەكلەرنى ئانىسىغا كۆرسىتىپ.

توپلىغۇچى: ياسىنجان مەمتىمىن

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى سىياسىي — تارىخ 2000 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ)

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەمترايىم سادىق

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# يار ئۈتى يامان

سەن تېرىق تىرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى؟
سەن كېلىپ ئوت سالمىساڭ،
يۈرەك شۇنچە كۆيەرمىدى؟

يۇقىرىغا باراي دېسەم،
ئالدىمدا توغرا داۋان.
بېرىپلا ياناي دېسەم،
يار ئوتى ئاندىن يامان.

مەن بىلمىنى باغلىدىم،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن.
مەن كېتەرمەن، سەن قالارسەن،
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن؟

ئالتۇن ئىكەن بويلىرى،
كۈمۈش ئىكەن بويلىرى.
چاينى تۇتسام قاراملا،
ئەجەپ تاتلىق سۆزلىرى.

ياز بولسا ئېچىلارمىدۇ
ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى؟
يار سۆيەمدۇ، سۆيمەمدۇ،
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

تاغلار ئىكەن تۇمانىسىز،
كۆيۈپ كەتسەم تونامسىز؟
بىزنى يار دەپ بىلمىگەن،
دۈشمەن دېگەن ئىمانسىز....

توقاچ ياقتىم تونۇرغا،
ئۆرلەپ چىقتى ھۇپپىدە.
ئامرىغىمنى چاي بىلەن،
يۇتىۋەتسەم گۇپپىدە.

مەھەللىگەدىن چاۋا تىرىپ،
چېپىگىنى قاينىتاي يارىم.
مەھەللىگەدىن يار تۇتۇپ،
ئىچىگىنى قاينىتاي يارىم.

باغقا كىرمەڭ كىشى بار،
گۈلنى ئۈزمەڭ ئىشى بار.
ئىككىمىزنىڭ ئارىستا،
بىرلا دۈشمەن كىشى بار.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەس.
سۆزلىسەم گېپىم ئاندىن،
سېغىنماي كۈنۈم ئۆتمەس.

يارسىز ئۆمۈر ئۆتمەس،
قارىسام كۆزۈم يەتمەس.
مەن يارنى خىيال قىلسام،
كېلمىدىن غىزا ئۆتمەس.

خەتنى يازدىم سىز ئۈچۈن،
سىزمۇ يېزىڭ بىز ئۈچۈن.
ھالىڭىزنى بىلمىدىم،
غەمدە قالدىم سىز ئۈچۈن.

قىزىل گۈلنىڭ ئۈستىگە،
ئەتىر گۈلنى تاشلايمۇ؟.......
ۋاپا قىلماي مەن ساڭا،
يۈزسىزلىكنى باشلايمۇ؟!

توپلىغۇچى: گەنۇەرجان سىيتىۋالدى
(كەلپىن ناھىيە ئاچال ئوتتۇرا مەكتەپ
ئوقۇتقۇچىسى)
مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# يۇمۇرلار





## تۇغۇلغان كۈن

دىرېكتور A بىلەن دىرېكتور B يېقىن ئاغىنىلەردىن ئىدى. مەلۇم بىر كۈنى ئۇلار جەم بولغاندا، دىرېكتور B، دىرېكتور A نىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۇساللىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى.

تۈنۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، ئايال كاتىۋىم ئۆيىدە تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەكلىپ قىلدى.

— ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بوپتىغۇ؟

— ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، مېھمانخانىسىدا بىردەم ساقلاپ، بەش مىنۇتتىن كېيىن ھوجرىسىغا كىرسەم، مېنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى بوپتىغۇ، تۇغۇلغان كۈنۈڭدە تازا يايرىۋاپسەن — دە؟

— مەنمۇ دەسلەپ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن ھوجرىغا كىرسەم كاتىۋىم باشقا خىزمەتداشلار بىلەن تۇغۇلغان كۈن تورتىنى تۇتقان ھالدا مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.

— بۇمۇ يامان ئەمەس بوپتىغۇ؟

— لېكىن مەن، كىيىملىرىمنى پۈتۈنلەي سېلىۋېتىپ كىرگەن.....

## شىر بولاي

سىرىك ئۆمىكى ئويۇن قويۋاتاتتى، ئاغزىغا كەمپۈت سېلىۋالغان چىرايلىق بىر قىز ئاغزىنى ئېچىۋىدى، شىر تىلىنى چىقىرىپ، قىزنىڭ ئاغزىدىكى كەمپۈتنى ئېلىپ يەۋەتتى. ئۆمەك باشلىقى كۆرەڭلىگەن ھالدا كۆرەرمەنلەرگە قاراپ: «قېنى قايسىڭلار چىقىپ، سىناپ باقسىلەر» دەپتۇ، ئارىدىن بىر ئەر چىقىپ، «مەن شىر بولاي!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

## تاغىل ئات

بىر كۈنى كىشىلەر: «كىمىكى قىزغۇچ تاغىل ئاتتىن بىرنى تۇتۇپ كەلسە 3000 تۈمەن مۇكاپات بېرىلىدۇ» دېگەن بىر ئېلاننى كۆرۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى دۆلەتلەر بەس - بەستە ئىزلەشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئەنگلىيەلىكلەر بىرىنچى بولۇپ، ئافرىقىغا تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىپتۇ.

گېرمانىيەلىكلەر كۈتۈپخانىدىن، بۇ خىل تاغىل ئاتنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئاقتۇرۇپتۇ.

ئىسپانىيەلىكلەر: ئەمدى بۇ مۇكاپات بىزگە تېگىل بولدى، كۆپچىلىك قىزغىن تەبرىكلەيلى، دېيىشىپتۇ.

ئىتالىيەلىكلەر، قارا - ئاق رەڭلىك تاغىل ئاتتىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ، قىزغۇچ رەڭدە بوياپ چىقىپتۇ.

ياپونىيەلىكلەر بۇ خىل تاغىل ئاتنى قانداق قىلغاندا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىق ئۈستىدە باش قاتۇرۇپتۇ.

جۇڭگولۇقلار بۇنى بىلگەندىن كېيىن، «بۇ خىل قىزغۇچ تاغىل ئاتنىڭ ئەجدادى بىزنىڭ جۇڭگودا» — دەپ بايانات ئېلان قىپتۇ.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: يۇسۇپ ئىسھاق

# ماناس*

(قىرغىز خەلق ئېپوسى)

## باتۇرلارنىڭ ئۆلۈمى

ئەلقىسسە: قىرغىزلار ئەڭ ئاخىرقى چوڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا شىپشايدار قوڭغۇربايىنىڭ قوشۇنىغا كەلدى. قوڭغۇرباي، نېسقارا، مۇرادىل، ئۇشاڭ قاتارلىق خىتاينىڭ تۆرىلىرى ماناسنى ياردار قىلىپ، كۆكچىنى ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكىگە كۆرەڭلەپ، ئاخىرقى قېتىم قىرغىزلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن قوشۇن توپلىدى. قوشۇننىڭ سانى ئالدىنقى جەڭلەردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. يەر يۈزى قىمىلداپ، باراban ئۇرۇلۇپ، دۇمباق چېلىنىپ، ملتىقلار ئېتىلىپ، ئايىالتا، قىلىچلار جاراڭلاپ كەتتى. قاڭغاي دەپ ئاتالغان چوڭ ئەلدىن قالماق، خىتاي، مانجۇ، شىبە، سولون دېگەن ئەللەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، بىر قىرغىزغا يۈزدىن ئادەم توغرا كەلگەن ھالدا جەڭگە ئاتلاندى. ئەسكەرنىڭ كۆپلىكىدىن يەر يۈزىنى توپا - توزان قاپلاپ، كۆك — ئاسمان تۇمان بىلەن پۈركەلدى.

يەر تەۋرەپ، خىتاي بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدا قىيما - چىيما ئۇرۇش باشلاندى. قىرغىزنىڭ جەسۇر ئوغلانلىرى نەيزە - قىلىچ ئوينىتىپ جەڭگە كىردى. ماناس، باقاي، ئىرچىئوغۇلدىن باشقىسى ئات ئوينىتىپ ياۋغا شىددەت بىلەن ئاتلاندى. لەشكەرلەرنى توپ - توپى بىلەن چېپىپ، نەيزە سانجىپ، قىر - چاپ قىلىپ، بىرسى مىڭىدىن دۈشمەننى يوقاتتى، ئالامەت قانلىق ئۇرۇش قىلدى. ماناسنىڭ باتۇرلىرى قويغا تەككەن بۆرىدەك خىتاي لەشكەرلىرىنى قىرغىلى تۇردى. ئالمانبەتتىن چۈچۈگەن شىپشايدار ۋەسۋەسىگە چۈشتى. ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئالمانبەت بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ جەڭگە كىرمەي، چەتنەپ يۈرۈپ ئوقياسى بىلەن ماناسنىڭ ئالباي، ئالمباي، قۇتۇناي، جايسان، ھاجباي قاتارلىق چورولىرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئۇلارنىڭ نە - نەلەردە ئۆلگەنلىكىنى



ھېچكىم بىلەلمىدى. ھاجبايىنىڭ تۇلپارىنى ھاجباي ئاتتىن غۇلىغان چاغدا قالماقلار ھەسەنغانقا لايىق ئات ئىكەن دەپ ئولجا ئېلىپ ئۇشاڭغا بەردى. ئۇشاڭ ئۇ ئاتنى قىيتۇر دېگەن پالۋىنىغا مىندۈرۈپ قويغانىدى، سىرغاق باتۇر ئاتنى تونۇپ قېلىپ، قالماقلار توپىغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ ئۇلارنى قىر — چاپ قىلىپ، قيتۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ئات كەتكەن تەرەپكە كەلدى. ئىسىل ھايۋان قارتكۆرۈك ئىگىسى ھاجبايىنىڭ جەستىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن سىرغاق كۆزىگە ياش ئالدى.

ھاجبايىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنغان سىرغاق قىلىچىنىڭ بىسىدىن قان تامچىلىتىپ قاڭغايلىقنىڭ ئۆلۈكىنى تاغدەك دۆۋلەپ خىتاي ئەسكىرىنى قىرغىن قىلدى. بۇ چاغدا قېرى باتۇر مۇزپۇرچاق ئېتىنى دېۋەيلىتىپ قېرىلىقىغا تەن بەرمەي جەڭگە كىردى. تۇيۇقسىز مۇرادىلغا ئۇچراپ، ئۇنى ئاتتىن دۇملىتىپ بېشىنى كەسمەكچى بولغاندا، ئۇشاڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ مۇزپۇرچاقنى ئاتتىن يىقىتۋەتتى. نۇرغۇن قالماق لەشكىرى

* بېشى ئالدىنقى ساندا

www.uyghurkitap.com



ئۆلشىپ ئۇنى قاتتىق ئۇرىۋاتقاندا، بىر تەرەپتىن سىرەك، قىرغىل، ماجىك باستۇرۇپ كېلىپ قالماقلارنىڭ كۆلنى كۆككە سورىدى. شۇ ئەسنادا قالماقنىڭ باتاق دېگەن باتۇرى ئۇتتۇرىغا چىقىپ قىرغىلنى ئاتتىن غۇلاتتى. قالماقلار ئىككى توپقا بۆلۈنۈپ، ئىككى قېرىنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ ئۆلتۈرگىلى قويىقاندا باتۇر سىرەك، ماجىك كېلىپ ئىككى قېرىنى قۇتقۇزۇپ، نۇرغۇن قالماقلارنى ئۆلتۈرۈپ، باتاق دېگەن قالماقنى ئېتىدىن ئاغدۇرۇپ بېشىنى كەستى. سىرەك قالماقلارنى توپ ـ توپى بىلەن قىرىپ جەسەتلەرنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى. ماجىك، مۇزبۇرچاق بىلەن قىرغىلنىڭ ئېتىنى تېپىپ كېلىپ مىندۇرۇپ ئۇلارنى قۇتقۇزىۋالدى. بۇنداق دەھشەتلىك ئۇرۇشتا خىتاي لەشكەرلىرى سىرەك بىلەن ماجىكتىن قورقۇپ، ئۇلارنى كۆرگەن ھامان بەدەر تىكىۋەتتى. بۇ ھال ئىككى باتۇرغا مەدەت بولۇپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. ئۇلار شىددەت بىلەن يەنە ياۋغا ئېتىلىپ كىردى. ئەمما باتۇر ماجىكقا ئوق تېگىپ ئۆلدى. ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغان سىرەك، دەر غەزەپكە كېلىپ ئېتىنى قامچىلاپ قالماقلارنى كەلگەنلا يەردە قىر — چاپ قىلىپ بىر جېنى بىلەن نەچچە مىڭ چېرىكنى ئۆلتۈردى.

ئەشۇ كۈنكى ئۇرۇشتا سىرەك بۇرۇن ئىشلىتىپ باقمىغان ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خىتاي، قالماق ئېلىگە ئەزرائىل بولۇپ كۆرۈندى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قۇڭغۇرباي چىدىماي شىپشايدارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇرۇتلار كەلگەندىن بېرى چوڭ جولوينى، قەھرلىك بورونچۇنى، ئورونغۇنى، ئايجاڭجۇن، كۈنجاڭجۇن، سوراندىك قاتارلىق نۇرغۇن سانغۇنلارنى ئۆلتۈردى. ئاتمىش ئالتە ئالپىنىڭ كۆپى ئۆلۈپ ئاز قالدى. بۇلارنى ئاساسەن ئالمانبەت، چۇۋاق، سىرغاقلار ئۆلتۈردى. ئەمدىلىكتە بولسا سىرغاق تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. قىرغىز باتۇرلىرى، جان ئايىماي باتۇرلۇق كۆرسەتتى. بىز ئارانلا كۆكچىنى ئۆلتۈردۇق، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى، — ئالمانبەت، چۇۋاق، سىرغاقنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قاچقۇن قول ئالمانبەتنىڭ بېشىنى دەرۋازىغا ئېسىپ سازايى قىلىپ بېرىڭ.

شىپشايدار قوڭغۇربايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا خېلىلا تاپا ـ تەنە قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى ئۇرۇشتا ماناسنىڭ باتۇرلىرىدىن بەش ـ ئالتىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، بۇنى قوڭغۇربايىنىڭ بىلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ:

— بۇنداق قالايمىقان ئۇرۇشۇۋەرمەي، يەككە ـ يەككە ئېلىشايلى، شۇ چاغدا مەن چېرىكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، مەيدانغا چۈشكەن باتۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئاتىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا مەن ئالمانبەتنىڭ قولىدا ئۆلۈشۈم مۇمكىن، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

قوڭغۇربايىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر تەرەپتە ئۇرۇشىۋاتقان چېرىكلەر ئۆز قوشۇنلىرىغا قايتىپ دەم ئېلىشتى.

ماناسنىڭ باتۇرلىرى ئۆز قوشۇنلىرىغا قايتىشىپ لەشكەرنىڭ سانىنى ئېلىپ، ماناسنىڭ يېنىغا سالامغا كىردى. ماناس ئالتە چوروسىنىڭ يوقلىقىنى سورىغانىدى، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. شۇ چاغدا سىرغاق ئوتتۇرىغا چىقىپ ھاجىبايىنىڭ جەستىنى ئېتىغا ئارتىپ قوشۇنغا يولغا سېلىۋەتكەنلىكىنى، قالغانلارنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ماناس بالا جېغىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئالتە باتۇردىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ جەستىنى قاغا ـ قۇزغۇنغا يەم قىلىۋېتىشىمنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى. بولۇپمۇ دادىسى بىلەنمۇ خوشلاشماي ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن ماجىك ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ئالمانبەتنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ، بارلىق باتۇلارنى ئۆلگەن باتۇلارنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا چاقىردى. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يەكمۇ ـ يەك ئۇرۇش باشلىنىپ خىتاي تەرەپتىن ساقاتاي دېگەن قالماق مەيدانغا چىقتى. قىرغىزلاردىن چىقماڭ دېگەنگە ئۇنىماي مۇزپۇرچاق ئاتلىنىپ چىقىپ ساقاتاي قاتارلىق قالماقنىڭ ئون بەش ئادىمىنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئۇشاڭ جەڭگە چۈشتى. ئۇمۇ ئېتىدىن دۇملاپ كەتتى. بېشىنى چاپىدىغان چاغدا مۇرادىل يېتىپ كېلىپ، كەينى تەرىپىدىن نەيزە ئۇرۇپ مۇزپۇرچاقنى ئېتىدىن ئاغدۇرىۋەتتى. مۇزپۇرچاق قېرىنىڭ دۈبۈلغۇسى بېشىدىن چۈشۈپ ئۇنى كىيىپ بولغۇچە شىپشايدار ئاتقان ئوق مۇزپۇرچاقنىڭ ئوڭ چېكىسىگە تەگدى — دە، ئۆلدى. چۇۋاق دەرھال يېتىپ كېلىپ، مۇرادىلنى ئاتتىن

غۇلتىپ، مۇزپۇرچاقنىڭ ئۇلۇكنى ئىتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باقاينىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى.

ئەتىسى ئۇرۇش يەنە داۋاملاشتى. نىسقارانىڭ يەككە چىققانلىقىنى كۆرگەن ئالمانبەت جەڭگە چىقماقچى بولغاندا چوۋاق:

— سېنىڭدىن كېيىن جەڭگە چىقىپ ئۆلۈپ كەتسەم جەسىتىمگە كىم قاراپ قويار، ئۇ چاغدا قالماقلار گۆشۈمنى پارچىلاپ بېشىمنى قاپاقتەك تېپىپ ۋەيران قىلمامدۇ؟ بۈگۈن تىرىكلىكتىن ئۆلۈمنى يېقىن كۆرۈۋاتىمەن، نۆۋەتنى ماڭا بەر، ئۆلۈپ كەتسەم، جەسىتىمنى ئېلىپ چىقارسەن، كۆڭلۈڭنى تولا رەنجىتكەن ئىدىم، مېنى ئەپۇ قىلىۋەت، — دەپ ئالمانبەتتىن ئۆتۈندى. ئالمانبەت:

— سېنىڭ جەسىتىڭنى مەن ئېلىپ چىقارمەن، مېنىڭكىنى كىم ئېلىپ چىقىدۇ؟ بۇ قېتىم مەن باراي، ئۆلۈپ كەتسەم جەسىتىمنى سەن ئېلىپ چىققىن، قىرغىزلار ئالمانبەتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلدى دەپ خىتايلار ماختىسۇن، — دېدى. چوۋاق ئالمانبەتنىڭ سۆزىگە كىرمەي، باقايدىن رۇخسەت ئېلىپ جەڭگە چىقتى. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا ئالمانبەتتىن «ئۆلۈپ كەتسەم جەسىتىمنى تاشلاپ قويما» دەپ ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈندى. ئالمانبەت ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى.

ئىلمەك بورۇن، ئوراكۆز، ئېگىز بويلۇق، دۇقا ماڭلاي باتۇر چوۋاق ئېتىلىپ بارغانچە نىسقارانى ئېتىدىن غۇلاتتى. شۇ چاغدا ئۇشاڭ يېتىپ كەلگەندى، ئۇنى ئاتتىن غۇلىتىۋەتتى، مانجۇلاردىن دۆڭكۆنۈي دېگەن باتۇرى مەيدانغا چۈشۈپ، چوۋاق باتۇرنى ئاتتىن غۇلاتتى. چوۋاق باتۇر يەر تايىنىپ بېشىدىن چۈشۈپ كەتكەن دۇبۇلغىسىنى ئېلىپ كىيىپ بولغۇچە شىپايدارنىڭ ئوقى چېكىسىگە قادالدى. چوۋاق موللاق ئېتىپ يىقىلدى. بىر توپ لەشكەرلەر گۇررىدە چوۋاققا ئېتىلدى. ئالمانبەت تەييار قىلىپ تۇرغان ئوقياسى بىلەن دۆڭكۆنۈينى ئاتتى — دە، چوۋاقنىڭ بېشىنى كەستۈرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن جەسەتكە قاراپ ئېتىلدى. ئالمانبەتتىن بۇرۇن كەلگەن قوڭغۇرباي قىلىچنى شۇنداق شىلتىشىغا چوۋاقنىڭ ئېتى چوۋاقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. قىلىچ ئاتنىڭ بوينىنى كەستى. ئۇنىڭغىچە ئالمانبەت يېتىپ كېلىپ نەيزە بىلەن قوڭغۇر باينى ئاتتىن غۇلىتىپ، چوۋاققا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە چوۋاقنى كەمەردىن كۆتۈرۈپلا ئالدى. شۇ چاغدا ئالتە ئاي مىنسە چارچىمىغان، مىنگەندىن بېرى پەقەت مۇدۇرۇلۇپ باقمىغان سېرىق ئالا ئات مۇدۇرۇلۇپ كېتىپ ئالمانبەتنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغا قىيسايدى. دۇبۇلغىنى تارتىپ بولغۇچە شىپشايدارنىڭ ئوقى ئۇنىڭ نەق چېكىسىگە تەگدى. ئالمانبەت شەپە چىقارماي چوۋاقنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭدى. ئالمانبەتتىن ئاققان قان باتۇر جوۋاقنىڭ ئۈستىگە يېيىلدى. ئالمانبەت باقايغا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزۇپ، نەيزىسىگە يۆلىنىپ ماڭدى، خەۋەرچى ماناسنى ئېلىپ كەلدى. ئالمانبەت كۆزىنى زورىغا ئېچىپ ماناسقا قولىنى سۇنۇپ:

— ھېچكىم كېلىپ باقمىغان چوڭ بېيجىڭگە قوڭغۇربايدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئىزىمنى بېسىپ سىز كەلدىڭىز، خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، قىزىنى ئالدىڭ، كاپىر بولسىمۇ ئۇلۇغ ئەل ئىدى. جازاسى بىزنى ئۇردى. بۇ ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەستىن يەنە داۋاملىشىدۇ. سىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭىزنى خەلقى ـ ئالەم بىلىدۇ. سىزگە ئېيتىدىغان نەسىھىتىم بار، ئۇنى قوبۇل قىلمىسىڭىز ئالاش خەلقىدىن بىرسىمۇ تىرىك قايتمايدۇ. ئەتە ئەتىگەن قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە دۇربۇن بىلەن قارىسىڭىز، ئەلنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالقۇن كۆرۈنىدۇ. ئوتنى قورشاپ كۆپ بولغاندا يەتتە ئادەم، ئاز بولغاندا ئۈچ ئادەمنى ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈۋىلەنگەن ئوت بار، شىپشايدارنىڭ مېڭىسىنى نىشانلاپ ئوق ئېتىڭ، ئەگەر ئۇ ئۆلسە يالقۇن سوزۇلۇپ، تۇماندەك تارقاپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆلمىسە كالا تۈكىدەك كۆپ كاپىر بىز تەرەپنى قاپلايدۇ. ناۋادا ئىسنىڭ سوزۇلۇپ بۆلۈنگىنىنى بايقىساڭلار شۇ ھامان «ماناس» دەپ شۇڭغار تۇۋلاڭلار. باقاي، ئىرچىئوغۇل، ئۈچەيلەندىن باشقا ھەممىسى جەڭگە چىقسۇن، ئاندىن سىرغاق بىلەن سىز قوڭغۇربايىنى قوغلاپ دۆڭدىن ئاشماڭ، قوڭغۇرباي ماراپ يېتىپ سىزنى ئېتىۋەتمىسۇن، ھەر ھالدا سېرەك ئىنىڭىزغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويۇڭ. سىرغاق، قوڭغۇربايىنى قوغلاپ ماڭغاندا ئوق ئاۋازى ئاڭلانسا، تېز بېرىڭ. سىرغاقنىڭ جەسىتىنى تەل قېزىل ئېتىغا ئارتىپ دەرھال قوڭغۇربايىنىڭ كەينىدىن قاتتىق چوقان ـ سۈرەن سېلىپ قوغلاڭ، سىزنى سىرغاق ئوخشايدۇ دەپ قورقىدۇ. قوڭغۇرباي ئېلىگە خەۋەر بېرىۋېتىپ قاچىدۇ. ئۇ ئالدى تەرەپتىكى ئويمانلىققا چۈشكەندە سىز كەينىڭىزگە قايتىڭ، دوستۇم ماناس، سىز

قىينىلىپ يولدىن ئېزىپ قالسىز، تەتۈر سۈنى بويلاپ مېڭىپ مۇزبۇرچاقنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇڭلار، مېنىڭ جەسىتىمنى بوز ئوغۇلغا تاپشۇرۇپ، ئاۋادا تاشلىۋېتىشكە توغرا كەلسە بەلگە ئورنىدا خورجۇنۇمنى ئېسىپ قويۇڭلار. جەسىتىمنى كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان يەرگە كۆمۈڭلار، سىرغاقنىڭ جەسىتىنى سىرەككە تاپشۇرۇڭ، تاغلاردىن ئاشۇرۇپ يۇرمەي كۆمگەن يەرگە بەلگە سېلىپ قويۇڭلار، چوۋاقنىڭ جەسىتىنى ئىرچىئوغۇلغا تاپشۇرۇڭ، ئۆزىڭىز كۈن، تۈن يولنى مول يۈرۈپ، دەل ۋاقتىدا قانىكەيگە يېتىپ بېرىپ، يارىڭىزنى ئەملەتسىڭىز ساقىيىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن، بولمىسا يولۇڭىز چىرىپ ئۈزۈلۈپ ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىسىز. مەن كۆز يۇمسام چۇرقىرىشىپ يىغلىماڭلار، قاڭغايلىق بىلىپ قالسا، كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ قىرغىنچىلىق بولىدۇ. ئايكۆل، ماناس، ئەۋلىيا باقاي، بېلىمىدىكى شەمشىرىمنى كۆرۈشكە نىسىپ بولمىغان ئوغلۇم گۈلۈستۈنگە بېرىڭلار، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپلا جان ئۈزدى. ئېغىر قايغۇ ـ ئازاپ ئىچىدە قالغان باتۇرلار، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياش تۆكتى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ئارسلان ماناس ملتىقنى قولىغا ئېلىپ ئوق خالتىسىنى قاقسا، ئاران بىر قېتىم ئاتقۇدەك دورا چىقتى. ئۇ خۇددى بىرسىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئوققا قاراپ:

— سەن بولغاچقا دۈشمەن قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالماس دەپ ئويلايتتىم، قارىغا ئالالمسام گۇناھ ئۆزۈمدە، ئۇ چاغدا مېنى كۆك ئۇرسۇن، يەر يۇتسۇن، ئاۋادا سەن كاپىرلاردىن قورقۇپ دەل تەگمەي قالساڭ سېنى چاڭقاپ تۇرغان چۆل ئۇرسۇن، ئاقماي قالغان كۆل يۇتسۇن، سېنى چۆلگە تاشلايمەن، ئېيتقىنىمدەك قىلمىسام ماناس دېگەن ئېتىم قۇرۇسۇن، — دەپ قەسەم قىلدى. دۇربۇننى قولىغا ئېلىپ قارىدى. ئۇن ئىككى تۈركۈم ئەلنىڭ ئوتتۇرىسى ئويمان، ئىككى تەرىپى دۆڭ بولۇپ، بىردەم قىزىرىپ، بىردەم كۆكىرىپ، بىردەم ئاقىرىپ، بىردەم سېرىققا ئۆزگىرىپ قويۇۇندەك ئوڭ ـ تەتۈر ئايلىنىپ تۇپا ئۇچۇپ تۇراتتى. ماناس بۇلارغا قاراپ، بىر چەتتە ئوت يېقىپ ئولتۇرغان بەش كىشىنى كۆردى. ئارىسىدىكى بىرسى كۆزىگە باشقىچە كۆرۈندى.

ماناس ئالمانبەت ئېيتقان شىپشايدار مۇشۇ بولسا كېرەك دەپ ئۆزىنى يوشۇرۇپ ملتىقنى بەتلەپ ئاتتى. ملتىق ئاغزىدىن چىققان ئوق ۋالدە قىلىپ قاتار تۇرغان بەش كىشىگە تەگدى — دە، بەشەيلەن ئۇچۇپ كەتتى. ئىس تارقاپ بولغۇچە باشقىلار كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چەتتىن بىيجىنگە قاراپ يول ئالدى.

قىرغىزلارنىڭ قوشۇنىنى سىرغاق باشلاپ، «ماناس» دەپ شۇئار توۋلاپ ئۇلارنى قوغلىدى. سىرغاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قاڭغايلىق چوۋاق ئۆلمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ بەدەر تىكىۋەتتى.

سىرغاق ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن ئۇچرىغانلىكى چېرىكنى قىيما ـ چىيما قىلدى. شۇ ئەسنادا قوڭغۇرباي ئۇچراپ قالدى. ئالمانبەتنىڭ سۆزى ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن سىرغاق ئۇنىڭ ئېزىغا چۈشۈپ قوغلىدى. قوڭغۇرباي قېچىپ بىر يەرگە كەلگەندە قارا ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزى سىرغاقنى ماراپ ياتتى. سىرغاق قوڭغۇرباينىڭ ئالقارا ئېتىنى كۆرۈپ، قوڭغۇرباي قاچتى، قارا ئاتنى ئولجا ئالاي، دەپ ئۆلۈمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەستىن ئاتقا يېتىشىپ چۇلۋۇرىدىن تۇتىشىغا تەييارلىنىپ تۇرغان قوڭغۇرباي سىرغاققا ئوق ئاتتى. قاپلان سىرغاق تۇيۇقسىز تەككەن ئوقتا ئۆلدى. قوڭغۇرباي ئالدىراپ بېرىپ بېشىنى كەسمەكچى بولغاندا سىرەك توۋلىغان پېتى يېتىپ كەلدى. قوڭغۇرباي: بولارنىڭ مىنگەن ئېتىمۇ ئوخشاش، ئۆڭى سېرىق، كۆزى كۆك، ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. كەلگىنى سىرغاق، ئۆلگىنى سىرەك ئوخشايدۇ، دەپ پەرق ئېتەلمەي قېچىشىغا ئاران ئۈلگۈردى. سىرەك سىرغاقنىڭ جەسىتىنى ئېتىغا ئارتىپ يېتىلەپ قوڭغۇرباينىڭ كەينىدىن قوغلىدى.

قوڭغۇرباي قېچىۋېتىپ قوغلاپ كەلگىنى سىرەك بولسا جەسەتنى ئېلىپ كەتمەسمىدى، دەپ ئويلاپ ئېتىنى كەينىگە ياندۇردى. بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ يالماۋۇزدەك كېلىۋاتقان سىرەكنى كۆرۈپ، بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەي دەپ جېنىنىڭ بېرىچە قاچتى. سىرەك قاڭغايلىقنى قورقۇتۇپ، بوش قالغان ئاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ ماناسنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئېسەنخان ئۆز ئېلىگە ئىگە بۇلالماي قاڭغايلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

# ماناسنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

ماناس، ئالمانبەت بىلەن چۇۋاقتىن ئايرىلىپ سىرغاق بىلەن سىرەكنى تاپالماي، ئىزدەپ ماڭغاندا، سىرەك سىرغاقنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ئەلگە يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەن قايغۇرۇپ سىرغاقنىڭ جەسىتىنى ئاتتىن چۈشۈردى. شۇ كۈنى ھەممەيلەن ئارام ئېلىشتى. ئەتىسى قوشۇننىڭ سانىنى ئېلىپ، ئالمانبەتنىڭ قوشۇننى بوزئوغۇلغا، چۇۋاقنىڭ قوشۇننى ئىرچىئوغۇلغا، ياقۇپنىڭ قوشۇننى سىرەككە، باقاينىڭ قوشۇننى ھەممەيلەنگە بولۇپ بېرىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئالپلارنىڭ جەسىتىنىمۇ قوشۇن بىلەن بىللە ئېلىپ، كۈن پېتىشقا قاراپ يولغا چىقتى.

ماناس قوشۇننى باشلاپ، ئۈچ كۈندە بىر ئۆزئارا دېرىكنى قىلىپ، بىر ـ بىرىسىدىن ئۈزاپ كەتمەي يولنى داۋاملاشتۇردى. بىر يەرگە كەلگەندە ماناس:

— يۈزۈمنى ئېچىۋېتىڭلار، بۇرنۇمغا ھېچ نېمە پۇرىمايۋاتىدۇ،— دېدى، ئۇن ئالتە كۈندىن بېرى تەرەت قىلمىغان ماناس تەرەت قىلدى — دە، كاللىسى ۋاللىدە ئېچىلغاندەك بولۇپ، ئەتراپقا قارىدى ھەم باقايغا قاراپ:

— باتۇرلارنىڭ ئۆلۈمى ئەقلىڭىزنى ئازدۇردىمۇ؟ تۇرپاننى توغرىسىغا كېسىپ، قامىل ئارقىلىق بارىكۆلنىڭ داۋىنى ئاشقاندا تېز باراتتۇق، يولنى خاتا مېڭىپتۇق، بۇنداق ماڭساق تالاسقا قاچان يېتىپ بارىمىز. ئەمدى غەربنى نىشانلاپ، قۇتبنى ئوڭ تەرەپ قىلىپ، تەتۈر سۇ بويلاپ مېڭىڭلار،— دېدى.

ئۇلار تەتۈرسۇ بويلاپ كېلىۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە، ماناس:

— مېنى ئاتتىن چۈشۈرۈڭلار،— دېدى. ماناس بېشىدىكى يېپىنچىسنى ئالدۇرۇپ ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئالمانبەتنىڭ لەشكىرىنى ئىسسىق كۆل تەرەپكە ماڭدۇردى. سىرەكنىڭ لەشكىرىنى سۇ بويلاپ ماڭدۇردى. چۇۋاقنىڭ قوشۇننى زىندان دېگەن داۋاننى ئېشىپ، چۇۋاقنىڭ جەسىتىنى داۋاندىن ئاشۇرماي كۆمۈڭلار، ئىسسىق كۆلنىڭ يوقىرى تەرىپى يەتتە ئۆگزىنى بويلاپ تالاسقا بېرىڭلار، دېدى. ماناس قوشۇنغا باتۇرلارنىڭ جەسىتىنى قويىدىغان يەرنى، ئۇنىڭ بەلگىسىنى تەپسىلىي ئېيتىپ ئۇلارنى يولغا سالدى. ماناس ئولتۇرغان تاشقا جاياتا دېگەن نام قالدى.

ئالمانبەتنىڭ قوشۇننى بوز ئوغۇل باشلاپ، ئايرى دېگەن يەردىكى بىر تاغقا بەلگە قىلىپ ئالمانبەتنىڭ خۇرجۇننى ئېسىپ قويدى. چۇۋاقنىڭ قوشۇننى ئىرچىئوغۇل باشلاپ زىندان داۋىنىدىن ئاشتى. بۇنىڭغا ھېچقانداق بەلگە قويمىدى.

سىرەك تەتۈرسۇنى بويلاپ تېشىكچاپ داۋىنىنى ئېشىپ سىرغاقنىڭ جەسىتىنى تەتۈرسۇ بويىغا قويدى. شۇ يەردە تۈلپارنىڭ بېشى دېگەن يەر بولۇپ، ئۇنى سىرغاقنىڭ ئېتى ئېلىقىزىلنىڭ بېشى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ماناس باتۇر مۇزپۇرچاقنىڭ ئۆلۈكنى ئاققۇلاغا ئارتىپ كېلىۋېتىپ تۈلپارغا ئارتۇقچە جاپا بولغاچقا تاغنىڭ باغرىغا گۆر قېزىپ يەرلىككە قويدى. شۇ تاغ باغرىدىن سۈزۈك سۇ ئاقتى. ئۇ يەرگە كۆكۆنشىق دېگەن نام قالدى.

ماناس ئۈچتۇرپان، مارالتوقوي، كۈنتېبىس دېگەن يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۆلۈتۈنىڭ دەرياسىدا ئېتىنى سوغۇردى. كېلبوتو داۋىنىنى ئېشىپ قارقىرا، چالقالارنى بېسىپ يول بويى مۆگدەپ كېلىۋاتقان تازبايماتنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىلان سېلىۋالغان خالتىسىنى تارتقانىدى، ئىچىدىكى چىلانلار پۈتۈنلەي چېچىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرگە چىلان تاغ دەپ نام قالدى.

ماناس باتۇر يولنى داۋاملاشتۇرۇپ سارتېكەن، تۆگۈرمەتى، كېز، مايدان، تېرەك دېگەن يەرلەرنى بېسىپ چاقماقنىڭ بويىدىكى ئىرتۆستۈكنىڭ ئاۋۇلىغا يېتىپ كەلدى. ئېرتۆستۈك دائىم چىقىپ ئولتۇرىدىغان تۆپىلىكنى تۈيۈن تۆپە دەر ئىكەن. ماناس كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىغان ئېرتۆستۈك ياشلارغا ئوغلاق تارتقۇزۇپ، بالىلارغا قۇنان تاي چاپتۇرۇپ، سېرىق ئوغلاق سويۇپ قان قىلىپ باتۇرنىڭ ئىززىتىنى قىلدى. ماناس ئېرتۆستۈكتىن بالاڭ بارمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئېرتۆستۈك ئايالى كېنىنجېكنىڭ تۇغسىمۇ بالىسىنىڭ تۇرمىغانلىقىنى ئېيتىپ ھاسىرەت چەكتى.

ئايكۆل ماناس بۇنى ئاڭلاپ تازبايماتقا ئاق

كېلىتىنى ئەكەلدۇرۇپ، ئىچىدىكى ئوقنى چىقىرىپ قارىسا ئوق كەمتۈك ئىدى. ئۇلار ئوقنى ئوتقا سېلىپ ئېرىتىپ كەمتۈك يېرىنى ئۈگشىدى. ئېرتۆشتۈكنىڭ ئايالى كېنجېكىگە دورا ئىچكۈزۈپ ئوقنى ساقلاشقا بېرىپ، ئوغۇل باللىق بولۇڭ دەپ قائىدىسىنى قىلىپ دۇئا بەردى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، كېنجېكې تۇغدى. ماناس ئېرتۆشتۈك باتۇرغا ۋەسىيەت قىلىپ:

— قوشوي قېرىپ قالدى. چۇۋاقتىن ئايرىلغان ئاقپالتا ھالسىرىدى. يامغۇرچىغا ئابىكې بىلەن كۆبۆش ئىنىم بوي بەرمەيدۇ. باقايغا ھېچكىم بويسۇنمايدۇ. شىخاينىڭ چىنقوجۇ، چاباق ئىككى ئوغلى دىۋەيلەپ تۇرىدۇ. ئاغىش، ئۇرىبۇ، كېركۆكۈل مەن بىلەن بەست سېلىشىپ، تىنچ يۈرمىگەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىز. ناقىلاي بىلەن قارابۆرۈكنى چاي ئىچكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئۇقماي ئولجا خوتۇن قېپتىمەن. يارام ساقايمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇلالماي قالسام، قېشىمدا تۇرۇپ، باقايغا بېشىمنى تۇتقۇزۇڭ. قىيامەتلىك دوستۇم قىزىل ئارسلان موللام نامىزىمنى چۈشۈرسۇن. تەلىكە ئولتۇرغانلارغا توقسان قۇر بوز ئات، يۇيغانلارغا ئون بەش قۇردىن كىيىممنى بېرىڭ، ئاغىش بىلەن كېركۆكۈلنى ئۆلۈمۈمدە يىغلاتماي، ئۆزىگە ھاي بېرەلمىسە پوقبۇرۇنقا تۇتقۇزۇپ ئايىغىمغا بوغۇزلىۋېتىڭلار. ناقىلاي بىلەن قارابۆرۈكنى ئۆزىنىڭ بارىدىغان يەرلىرىگە يولغا سېلىپ قويۇڭلار. ئۆلگۈنۈمنى قوڭۇرباي بىلەن نېسقارا بىلىپ قالسا ئەلگە تاجاۋۇز قىلىدۇ. ھەر قاچان ھوشيار تۇرۇڭلار. قىزسايقال كەلسە ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭ تىلىغا كىرىڭلار. باقاي، قوشوي، كۆكبۆرى، قانىكەي بەشەيلەن بىرلىكتە جەستىمنى ئاقپالۋانغا كۆتۈرگۈزۈپ، يەرلىكىمگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئاغايارنىڭ بېشىنى چېپىڭلار، پۇتۇمنى قوچاقلاپ ياتسۇن. ياغاچتىن ھەيكىلىمنى ئويۇپ گۈمبەزگە قويۇڭلار. كۆپ بەيگە تارتىپ ئات چېپىڭلار. ئاققۇلانىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن قان كېلىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ يايلىنى كېسىپ گۈمبەزنىڭ بوسۇغۇسىغا كۆمۈپ قويۇڭلار. ئون تۆت خاننىڭ سۈرىتىنى گۈمبەزگە سىزدۇرۇڭلار. ھازىر بوينۇمدىكى پالتىنى تارتىۋېتىڭ، — دېدى.

ئېرتۆشتۈك ماناسنىڭ يارىسىغا قاراپ ئىششىقنىڭ ئاغزىنى يېرىپ پالتىنىڭ كۆزىنى تاپتى. گۆشلەر يېرىڭلاپ، سېرىق سۇ ئېقىپ چىرىپ كەتكەنىدى. پالتىنى قانچە قىلىپمۇ تارتىۋالالماي ئاخىرى ئارقان ئۆتكۈزۈپ ئاققۇلاغا تارتقۇزدى. ئۇزۇنلىقى بىر يېرىم غۇلاچ ئىشكەتەك كەڭلىكتىكى پالتىنى تارتىلىپ چىقتى.

ماناس باتۇر داۋاملىق يول يۈرۈپ ئات بېشىغا كېلىپ قوشوي بىلەن ئۇچراشتى. قوشوي قىرغىل چالنى دەرھال قانىكەيگە خەۋەر قىلىشقا ئىبەرتتى. قانىكەي شۇ كۈنى كەچتىلا قارا قاشقا ئارغىماقنى ئەكىلىپ باغلاپ قويدى. قىرغىل كېلىشكە قانىكەي قاڭغاي تەرەپتە بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەپ، باتۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. قىرغىل ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ كەتتى. قانىكەي خەنجەرنى ئېلىپ يۈرىكىگە سالماقچى بولغاندا قىرغىل تۇتىۋالدى. قىرغىل:

— خانىش ئايىم، سەۋرى قىلىڭ، سەمەتەينى ئېلىپ باتۇر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىڭ، — دېدى.

قانىكەي قىرغىلغا ئاتنى جابدۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى سارىتازنىڭ ئۆيىگە باردى — دە:

— تالادىن تېپىۋالغان بالاڭنى سەمەتەي بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۇرايلى، باتۇرنىڭ ئۆڭى سېرىق، كۆزى چېقىر ئىدى. سەمەتەيگە كۆزى تەگمىسۇن، سېنىڭ بالاڭ قارامتۇل، كۆزى چېقىر، باتۇرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا ئۆتمەيدۇ، — دەپ سارىتازنىڭ بالىسىنى ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى سارىتازغا سەمەتەينى تۇتقۇزۇپ، باشقا ياققا كۆچۈرىۋەتتى. ماناس باتۇر بېيجىڭگە ماڭىدىغان چاغدا بوۋاق پېتى قالغان سەمەتەي ھازىر ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. قانىكەي يولنى مول يۈرۈپ، باتۇرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى — دە، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ياش تۆكتى. ماناس:

— بالىنى بېرىڭ، كۆرۈپ باقاي، — دېدى. قانىكەي بالىنىڭ ھىدىدىن بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ ماناسقا:

— تىكىلگىنىڭىز ياخشى ئەمەس، كېيىن كۆرىۋالارسىز، — دەپ ئامالسىز بالىنى يۆگەكلىك بىلەن ماناسقا سۇندى. ماناس بالىنىڭ بويىنىغا سۆيۈپ قويدى. ماناس بالىنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ بالا پوق پۇرايدىغۇ، پاكىزراق باقماپسىز، ئامان بولسۇن، — دەپ قايتۇرۇپ بەردى. بۇلار بىرلىكتە يول يۈرۈپ، ئۆز ئاۋۇلىغا كېلىشتى. يولغا قاراپ تۇرغان ئەلگە باتۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن باتۇلار

كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ دەپ قويىدى. قانىكەي ماناس باتۇرغا:

— پالتىنى چاپتۇرغاندىنمۇ تارتقۇزغىنىڭىز يامان بوپتۇ، كېچىكىپتىمىز، — دەپ يارىنىڭ تېشىدىن قۇنۇ دېگەن دورىنى قۇيۇپ، نۇش دېگەن دورىنى ئىچۈرۈپ ئەملەپ، قېچىرىنىڭ ئۆتىنى يارىغا قويۇپ، كۆكجورۇنى ئۆلتۈرمەي، تىرىك پېتى بېرىپ، تازقارانى ئىسسىق پېتى يارىغا بېسىپ، سەككىز كۈن بولغاندا باتۇرنى ئورنىدىن تورغۇزدى. ئون كۈن بولغاندا ئارقىدىن كۆرپايانغا ئادەم ئەۋەرتىپ قارلىق كەيگۈزۈپ، ئالمانبەت بىلەن چۇۋاقنىڭ جەگدە ئۆلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن باشقا باتۇرلارنىڭمۇ ئۆلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ماناس ماغدۇرىدىن كېتىپ ھالسىراپ تۇرغاندا ئارقىدىن:

— باتۇرلارنىڭ ئەل ئۈچۈن قۇربان بولغىنى ئۆيدە يېتىپ ئۆلگەندىن ئارتۇق، ئۇلارغا قايغۇرۇشنى قويۇپ، ئۆزىڭىزنى ئاسراپ، يارىڭىزنى ساقايتىڭ، — دەپ تەسەللى بەردى. قانىكەي، باقاي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ماناسنىڭ يارىسى يامانلىشىپ قالدى، بۇنداق يۈرۈۋەرسەڭ، كېيىن قېينىلىپ قالىمىز دەپ ئاقپالتانى ئەكەلدۇرۇپ ئېچىلىكىنىڭ ئىككى چېتىدىكى پەسكە قاراپ ئاققان سۇنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى قاشنى ئويدۇرۇپ، ئىچىگە بەش يۈز كىشى پاتقۇدەك گۆر قازدۇرۇپ، تۇپىسىنى كېچىسى ئاقپالۋان سوغا تۆكۈپ، گۆرنى تەييار قىلدى. سۇنىڭ ئىگىزدىن چۈشىدىغان يېرىگە كېچىسى نور قويۇپ، سۇنى بورىۋەتتى — دە، كۈندۈزى سۇنى ئىزىغا ئاقتۇردى. گۆرنىڭ ئىچىگە تارتسا سوزۇلىدىغان، قويۇۋەتسە يىغىلىدىغان تۈمۈرنى تاشقا ئورناتتى.

باقاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۆلەكباي ئۇستىنى چاقىرتىپ، چوڭ ئوپۇلنىڭ توپىسىدىن مىڭ تۆگە ئەكەلدۇرۇپ، سەكسەنمىڭ ئېركېچىنىڭ مېينى ئارلاشتۇرۇپ، قىش پىشۇرۇپ گۇمبەز سالدۇردى. ئىچىگە ماناس باتۇرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئويدۇرۇپ، باتۇلارنىڭ سۈرىتىنى چەكتۇردى ھەمدە شىپشايدارنىڭ ئالمانبەت بىلەن چۇۋاقنى ئېتىۋاتقان كۆرۈنۈشىنىمۇ قوشۇپ چەكتۇردى. ماناسنىڭ جەسىتىگە تەقلىت قىلىپ كەجدىن ھەيكەل قاتۇرۇپ يۇشۇرۇپ قويدى. ماناسنىڭ يېقىن دوستى كۆكبۆرۈ ئوغلى قويونالىنى ئەگەشتۇرۇپ ماناسنى يوقلاپ كەلدى. قانىكەي ئۇنىڭغا:

— بۇقار بىلەن ئۆرگەنچتە تۇرغان دادامغا خەۋەر بەرمەيلى، ئۇ ئۆزلىرىنى بىلىپ كەلمىدى. ئېرتۆستۈككە ئاتايتەن ئادەم ئەۋەرتەيلى، كېركۆكۆل، ئاغىش، ئۆربۆلەرگە ئېيتمايلى، ماناس كۆز يۇمغاندىن كېيىن خەۋەر قىلارمىز، — دېدى. ئەنجاندا سىنچىبەگ، باداقشاندا مالابېك، بالىقتا ئالابېك، دۇشەنبەدە قوزبېك، قوروسوندا مىرزەخمەت، قىيبادا دابېتاي، يەركەندە تابالدى، خوتەندە نۇراخۇن، قەشقەردە ئالاخۇن، لوپتىكى قاراچا قاتارلىقلارغا ھەمدە ئەنجان، تاشكەنت، نامانگەن، ئالمۇتالارغا خەۋەر بېرىپ ئەلنى يىغماقچى بولدى. كېلىپچى، نىشاپتۇر، كەشمىرنى يىراق كۆرۈپ چاقىرتماسلىقنى ئويلاشتى.

كۆكبۆرۈ ماناسقا بولغان ساداتەتمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ئېتىنى مىنگۈزۈپ، تونىنى كەيگۈزۈپ، ئوغلى قويونالىنى غەربىي - جەنۇب ۋە شەرقىي - جەنۇبلارغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ماڭغۇزدى. غەربىي شىمال ۋە شەرققە خەۋەرچىلىككە ماڭغۇدەك ئادەم تاپالماي تۇرغاندا ئارسلاننى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ پوقبۇرۇن ئايدارنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كەلدى. قانىكەي ئۇنىڭغا:

— ئاتىڭىزغا قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزنى ماناس پۈتكۈزۈپ بەردى. ئەمدى ئاغىڭىزغا خىزمەت قىلىڭ، خانلارغا خەۋەر بەرگىلى بېرىڭ — دېدى.

پوقبۇرۇن ئايدارنىڭ ئوغلىغا ئۆزىنىڭ مانېكەر ئېتىنى مىنگۈزۈپ، يەتتە سۇرا چېدىگەر ئېلىنىڭ بېشى باغىشنى، ئالماتادىن قوزىچاق ، قاپالدىن ساقىچاق، ئىلىدىن ئايدارقان، كېمىندىكى ئۇرپۇ، ئىسسىق كۆلدىن ئاغىش، قامبىل، تۇرپان، ماناس، بارىكۆل، بەشبالىق قاتارلىق يەرلەردىكى ئالاش خەلقىنى چاقىرىشقا ماڭدۇردى.

قويونالى خەۋەر يەتكۈزۈپ بولۇپ، ئەنجاننى ئايلىنىپ نامانگەنگە كەلدى. ئۇ يەردە ئەۋليا قېرىنى ئۇچراپ:

— ماناس ئۆلۈپ كەتسە، تەلە قىلغىلى تالاسقا بېرىڭلار، — دېدى. موللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ماناسنىڭ مال - دۇنياسى ھارام، بىز ئۇنى ئالالمايمىز، نەگە بارساق مال - دۇنيا دېگەن تېپىلىدۇ. راستىنلا ئېلىپ بارماقچى بولساڭ ئات، ئاش -

تاماق تەييارلاپ ئاندىن كەل، — دېدى. قويونالى:

— ئەگەر شۇنداق قىلسام، ماناسنى - ـى تىرىلدۈرەلەمسەن؟ — دېدى. ئەۋلىيا قېرى ئۇيالغىنىدىن:

— سەن مەن بىلەن چېقىشىۋەرمە، ئۆلگەن ئادەمنىڭ تىرىلگەنلىكىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ھېلى سېنى قارغىۋېتىمەن، — دېدى. قويونالىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئۆلگۈڭ كەلسە ئۆزۈڭ ئۆل، — دەپ قامچىسى بىلەن ئەۋلىيا قېرىنى ئۇردى. يېشى توقساندىن ھالقىغان ئەۋلىيا قېرىنى قويونالى ئۇرۇپ:

— ئەۋلىيالىقىڭ چىن بولسا، ئۇچۇپ بار،

— دەپ پىيادە ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.

ئەل - جامائەت يىغىلىپ، ئاينىڭ ئولبەشىدە، جۈمەنىڭ قەدىر كېچىسىدە ماناس بۇلالمىدى. باقاي، قوشوي، ئىرتۆستۈك، كۆكبۆرۆلەر باتۇرنىڭ قېشىغا كىردى. باتۇر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قوشويغا بەكرەك قاراپ، باقايغا تىكىلىپ، ئىرتۆستۈككە قولىنى سوزۇپ، كۆكبۆرىگە قاراشقا ئۆلگۈرمەي، قانىكەيگە قارغىنچە جان ئۈزدى.

ئەل چورقىراپ يىغلاشتى. قىرغىزنىڭ قائىدە - يۇسۇنى بويىچە باتۇرنى چۆپنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، تۆپىسىگە ئېسىل دۇردۇن يېپىپ، چىملىداقنىڭ ئىچىگە ياتقۇزدى. قارا بۆرۈك، ناقىلاي، قانىكەيلەر چاچلىرىنى چۇۋۇپ، قارا كىيىپ، تۆرگە قاراپ ھازا ئاچتى. ئەل - يۇرت، توپ - توپى بىلەن يىغىلىشىپ تۇردى.

ئاغىش بىلەن كېركۆكۈل ناقىلاي بىــلەن قارا بۆرۈكنى قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەقلى قىسقا ئىككى چۆرە ئۇلارنى تۇتۇپ قالالمىدى. ئۇلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ئىرتۆستۈك كـۆرۈپ قـالدى — دە، پوقبۇرۇنقا تۆت كىشىنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىــپ قويدى. بۇ تۆت كىشىنىڭ ئەسلىدىنلا نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلىپ يۈرگەن پوقبۇرۇن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ قىلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى پىسەنتكە ئالماي، ئۇنىڭغا ئاچچىق تەگدى. كۈچـى بولغان بىلەن خىيالى ئۆسكەن پوقبۇرۇن غەزەپتىــن بوغۇلۇپ، ئاغـىش بىــلەن كېركۆكۈلنـــى تۇتۇپلا بوغۇزلىۋەتتى. ئارقىدىنلا ناقىلاي بىلەن قارا بۆرۈكنىمۇ بېشىدىن بىرلا چېپىپ بەدىنى ئىككىگە بۆلىۋەتتى. قاراپ تۇرغانلارنى قاتتىق سۈر باستى. ئاغـىش بىــلەن كېركۆكۈلنىڭ جەستىنى ئۆز جەمەتىدىكى كىشىلەر ئېلىپ كەتتى. ئىككى ئايالنىڭ جەستىگە قارايدىغان ئادەم يوق، تالادا قالدى. خېچىر مىنگەن شىغايلار ئۇ ئىككى ئايالنىڭ جەستىنى خېچىــرغا سۆرىتىــپ، ياردىن غۇلىتىۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا قىزسايقال پەيدا بولۇپ، قىزىل لىباس يېپىنىپ ھازا ئاچتى، باقاي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ يىغىدىن توختاتتى. قانىكەي:

— سېرەكنىڭ ماڭغۇدەك ماجالى يوق، ئىككى ئىنىم بۇ ئىشلارنى باشقۇرۇڭلار، — دەپ ماناسنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىلەك ئىنىلىرى ئابىكە بىلەن كۆبۆشنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەرتتى. ئاقكۆڭۈل ئابىكە چېپىپ يۈرۈپ ئەلنى باشقۇردى. ئەمما كۆبۆش ھۆمۈيۈپ تۇردى.

ئىرتۆستۈك ماناسنىڭ ۋەسىيتى بويىچە جىنازىسىنى چۈشۈردى. ئاتلار چاپتۇرۇلدى، ئاققۇلانىــڭ ئېغىــز بۇرنىدىن قان كېلىپ يەرگە يىقىلدى.

ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە قوشوي، باقاي، كۆكبۆرۆ، قانىكەي، ئىرتۆستۈك باشقىلارغا تۇيدۇرماي ماناسنىــڭ جەستىنى ئاقپالۋانغا كۆتەرتكۈزۈپ نورنى قويۇپ، سۇنى باشقا ياققا بۇراپ، يوشۇرۇن گۆرگە كىردى. پانۇست چىراقنىڭ يورۇقىدا باشقىلار گۆرنــى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. گۆرنىڭ ئىچىگە قاراپ تېرە كۆرپىدىن قاتمۇ - قات قويۇپ، چىرايلىق گىلەم سالدۇرۇپ، گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئالتۇندىن تەخت قويۇپ، تەختنىڭ ئۈستىگە قىرمىزى گىلەم يايتۇرۇپ ياساتقان بەشيۈز كىشىلىك بۇ ھەيۋەتلىك گۆرگە ماناسنى ياتقۇزدى. ئاقپالۋاننى شۇ يەردىلا بويىنىدىن چېپىپ تاشلىدى. ئىچىدىن تارتقۇزۇپ قويغان تاش ئىشىكنى يېپىپ، نورنى تارتىۋېتىپ سۇنى ئاقتۇرىۋەتتى.

تاڭ ئاتقاندا قوشوي، باقاي، كۆكبۆرۈ، ئىرتۆستۈك قاتۇرۇپ قويغان ماناسنىڭ ھەيكىلىنى كېپەنلەپ تاۋۇتقا سېلىپ، گۈمبەزگە ئەكىلىپ يەرلىككە قويدى. ماناسنىڭ بالىسى سەمەتەي مۇشۇ شۇ دەپ سارتازنىڭ ئوغلىغا تۇپا سالدۇردى. ھەممە ئادەم يىغا - زارە قىلىشىپ كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا يىل نەرزىسىنى قىلايلى دېيىشتى. ئارقىدىنلا ئارسلان ماناسنىڭ يالغۇز پەرزەنتىگە كىم يامانلىــق قىلىدىغان بولسا، تىرىك كۆمۈپ، سەگىتىپ قويايلى، دەپ چۈشۈق قىيىپ قەسەم قىلىشىپ باقاي بىلەن خوشلۇشۇپ باتۇرلار تارقاپ كېتىشتى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: **نۇرنىسا باقى، توختۇ بۇبۇ ئىساق**

مۇھەررىرى: **ياسىن زىلال**

بوستانلىققا سەپەر (يەن شيەن فوتوسى)







# مېراس

**美拉斯** (维吾尔文)

2001 ـ يىل 5 ـ


«مېراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 59 ـ قورۇ 507
ئۈرۈمچى شەھەرلىك خۇڭتۇ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
دىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829

艺家协会(乌市胜利路59号507, 508房间)。
邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一
-1150/I 国外统一刊号 邮编: 830001 代号: 58-60 定价: 3.50元